محمد بن عبد الرحمن بن عبد الله السبيهين

# غنائم العمر

## باللغة الأيغورية

شبكة الألوكة
www.alukah.net

www.alukah.net

# ئۆمۆر غەنىمەتلىرى

تۈزگۈچى:

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى

ئابدۇللاھ سۇبەيھىن

شبكة الألوكة - قسم الكتب

## شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلسەدھاننىڭ كىرىش سۆزى

قەلەم بىلەن ئۆگەتكەن، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن. جەۋامىئۇل كەلىم (ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنا ئىپادىلەش) ئاتا قىلىنغان پەيغەمبىرىمىزگە، پەزىلەت ۋە قىممەت ئىگىلىرى بولغان ساھابىلىرىگە، ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان ۋە ئىزلىرىغا ئەگەشكەن، تىل ۋە قەلەم بىلەن ئىلىم تارقىتىشقا ياردەم قىلغانلارغا دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز.

مەقسەتكە كەلسەك:

ئىلىمدىن پايدىلىنىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇنى يازغۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگۈچى ئۇچۇن، ئۇنى سۆز ياكى يېزىق ئارقىلىق ئاسان بايان قىلىشتۇر. بۇ ئۇنى چۈشىنىش، يادلاش ۋە يەتكۈزۈشكە تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەرلىك يولى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدە ئېنىق، مەنىلىرىدە بالاغەتلىك، قوبۇل قىلىش ۋە يادلاشتا ئاسان بولغان.

مەن بۇ رىسالىنىڭ ئىسمى، مەزمۇنى ۋە يېزىلىش ئۇسۇلىدا، ئاپتورنىڭ كىتاب يېزىش يوللىرىدىكى غەنىمەتلەردىن ئىككى غەنىمەتكە ئېرىشكەن دەپ قارايمەن:

بىرىنچىسى: مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەمەللەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە كىتاب يېزىشتا بۇرۇن قوللانمىغان يېڭى بىر ئۇسۇل.

ئىككىنچىسى: تارقاق نەرسىلەرنى توپلاش ۋە رەتلەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە رىسالىسىدە سۆزنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ رەڭلەرنى قوللىنىش. شۇبھىسىزكى، سۆزنىڭ تېمىسىغا قاراپ رەڭلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئوقۇرمەننىڭ زېھنىدە سۆزنى يادلاش ۋە ئەستە ياخشى ساقلاشنى كۈچەيتىدۇ. مېنىڭ چەكلىك بىلىمىم بويىچە، پەزىلەتلەر ھەققىدە بۇ رىسالىنىڭ يولىنى تۇتقان باشقا بىر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.

بۇ رىسالىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇنىڭ سەھىھ ياكى ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدۇر. بۇ ياخشى ئىش، چۈنكى پەزىلەتلەر ھەققىدە سۆزلەيدىغان ياكى يازىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى زەئىپ، بەزىدە توقۇلما ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

بەزىلەرنىڭ زەئىپ ھەدىسلەرنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشى بىر قىسىم ھەدىسشۇناسلارنىڭ بۇ ئىشتا كەڭچىلىك قىلىش قارىشى بىلەن ئاقلىنىشى مۇمكىن. لېكىن باشقا بىر قاراش - ئېھتىياتچان ۋە ئەۋزەل بولغىنى - ئىشەنچلىك بولغان بىلەن كۇپايىلىنىپ، باشقىسىدىن بىھاجەت بولۇشتۇر. ئىمام مۇھەددىس ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇللاھنىڭ: «سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق ئاجىز ھەدىسلەردىن بىھاجەت بولغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزى نېمىدېگەن ياخشى ئېيتىلغان!.

بۇ رىسالە ھەققىدىكى سۆزنىڭ خۇلاسىسى:

بۇ رىسالە مۇقەددىمە ۋە نەتىجىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالاھىدە دەلىل-پاكىتلار بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن، يادلاش ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان رەڭلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ مۇشۇ رىسالە ياكى بۇ ئىزدىنىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر.

ئەمدى ئىزدەنگۈچىگە كەلسەك، ئۇ دوكتۇر پروفېسسور مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان سۇبەيھىن بولۇپ، مەن ئۇنىڭ تىل ۋە گراماتىكا ئىلمىدىن، ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن پايدىلاندىم ۋە باشقىلارنى پايدىلاندۇردۇم. ئەسلىدە ئۇ ماڭا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە ھەقلىقراق ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يېزىشىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ئۇستازىنىڭ پەرزەنتلىرىگە ياخشىلىق قىلىشى قاتارىدا دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى رىياد ئىلمي ئىنستىتۇتىدىكى ئۇستازلىرىمدىن بىرى ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئىلمى ۋە نەسىھەتلىرىدىن كۆپ پايدىلانغان ئىدىم. ئاللاھ ئۇنى فىردەۋس جەننىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدە ماكانلاشتۇرسۇن، ئەۋلادلىرى، نەۋرىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن.

## سۆزۈمنى تۈگۈتۈشتىن بۇرۇن:

دوكتۇر پروفېسسور مۇھەممەدكە بۇ مېتودنى كېڭەيتىپ ، ناماز ، زاكات ، روزا ۋە ھەج قاتارلىق تۆت چوڭ ئىبادەت ھەققىدىكى مۇناسىپ ھەدىسلەرنى توپلىشنى ، ئۇلارنىڭ تېكىستلىرىنى گۇناھلارغا كەففارەت بولۇش ، دەرىجىلەرنى كۆتۈرۈش قاتارلىق ساۋابلىرىنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە كەلتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاخىرىدا: ئاللاھ تائالا دوكتۇر پروفېسسور مۇھەممەدنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىجادىيىتىنى قوبۇل قىلسۇن. مەن بۇ رىسالىنىڭ مەنپەئەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھەتتا ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئۇنىڭ پايدىسىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ دەپ قارايمەن، چۈنكى رىسالىنىڭ مەزمۇنى ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى ئەمەللەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئاز تەكلىپكە كۆپ ئەجىر بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

مەن ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا تەۋپىق بەرگەنلىكى ئۈنىڭ بۇ غەنىمەتلەرنى توپلاش ۋە رەتلىشىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ئاللاھ تائالادىن تىلەيمەنكى، بۇ رىسالىنىڭ مېۋىلىرىنى ئۇنىڭغا دۇنيا، بەرزەخ ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان غەنىمەتلەر قىلسۇن، يەنە ئۇنى ئوقۇغان، ئاڭلىغان، ئۇنىڭدىن نەقىل قىلغان ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگەنلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر ئاتا قىلسۇن. ئۆز نېمىتى بىلەن ياخشىلىقلار مۇكەممەللىنىدىغان ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.

ئابدۇلئەزىز ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ سەدھان

# ئۆمۈر غەنىمەتلىرىدىكى مېتودىم

**بىرىنچى:** غەنىمەتلەردىن پەقەت قۇرئان ئايىتى ياكى سەھىھ ، ھەسەن ھەدىسلەر بىلەن دەلىللەنگەنلىرىنىلا تاللىدىم.

مەلۇمكى ، ھەدىسشۇناس ئالىملار ئارىسىدا سەنەد تەتقىقاتىدىكى مېتودلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبلىك ، ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ، ھەسەن ۋە زەئىپ دەپ باھالىنىشىدا ئىختىلاپ بولىدۇ. بۇ يەردە بەزى ھەدىسلەرنى ئالىملار ھەسەن دېگەن بولسىمۇ ، يەنە بەزىلەر زەئىپ دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدا تالاش-تارتىش يوق ، چۈنكى ئالىملار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ مەشھۇر ۋە نورمال ئەھۋال. بىزگە مۇھىمى ، ھەدىس سەنىدى ھەققىدە ئېتىبارلىق پىكرى بار ئالىملارنىڭ ھەدىسنىڭ سەھىھ ياكى ھەسەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشىدۇر.

**ئىككىنچى:** غەنىمەتلەرنى تۆۋەندىكى چوڭ بابلارغا بۆلدۈم:

1- ئاللاھقا يېقىنلىشىش. 2- يامان ئىشلارنىڭ يوقلىشى. 3- تەلەپ قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى

چۈنكى مۇسۇلماننىڭ تۈنجى نىشانى ئاللاھقا يېقىنلىشىش ، ئاندىن يامان ئىشلارنى يوقىتىش ئارقىلىق تازىلىنىش بولۇپ ، بۇ تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشتىن مۇھىم. ھەر بىر بابنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ تېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە پەسىل بار.

**ئۈچىنجى**: ھەر پەسىلدىكى غەنىمەتلەرنى پەزىلىتىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ رەتلىدىم. ئەگەر ھەممىسىنى ئادا قىلالمىساق، ئەڭ كاتتا پەزىلەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تەرتىپ بويىچە باشلىغىن.

**تۆتىنچى**: ھەر بىر غەنىمەتنىڭ يېنىغا ئۇنى ئادا قىلغاندا بەلگە قويۇش ئۈچۈن كاتەكچە قويدۇم.

**بەشىنچى**: ھەر پەسىلدە: غەنىمەت، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە دەلىلىنى ئايرىم-ئايرىم كاتەكچىلەردە كۆرسەتتىم.

**ئالتىنچى**: غەنىمەتنى قارا رەڭدە، پەزىلىتىنى جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگى بولغان يېشىل رەڭدە، دەلىلنى دېڭىزنىڭ رەڭگى بولغان كۆك رەڭدە يازدىم ۋە ئۇنىڭدىكى يانداش دەلىلنى قىزىل رەڭ بىلەن پەرقلەندۈردۈم.

**يەتتىنچى**: ھەدىسلەرنى قىسقىچە تەخرىج قىلىپ، مەنبەدىكى ھەدىس نومۇرىنى كۆرسەتتىم. بۇخارى، مۇسلىم ۋە تۆت سۈنەن قاتارلىق كىتابلارغا، شۇنداقلا ھەدىسشۇناس ئالىملار، بولۇپمۇ ئەھمەد شاكىر، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىق شەيخلەرنىڭ باھالىرىغا تاياندىم.

**سەككىزىنچى:** ھەدىسلەردىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان بەزى سۆزلەرنى چۈشەندۈردۈم.

بۇ غەنىمەتلەرنىڭ سانى 360 بولۇشى بىر تەۋپىق بولسا كېرەك، بۇ تەخمىنەن بىر يىلدىكى كۈنلەرنىڭ سانىغا تەڭ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ھەر كۈنى بىر غەنىمەتنى ئادا قىلسا، ھورۇن ئادەم پۈتۈن ئۆمرىدە ئېرىشەلمەيدىغان كاتتا غەنىمەتلەرگە بىر يىلدا ئېرىشەلەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغان كىشىدۇر.

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابنى ئوقۇغان، ئاڭلىغان، تارقاتقان ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگە ئەمەل قىلغان ھەر بىر كىشىگە مەنپەئەت بېرىشىنى تىلەيمەن. مەن كەرەملىك ئاللاھقا تايىنىمەن، ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىمەن. كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت غالىب ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان ئاللاھتىندۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ سۇبەيھىن

# ئۆمۈر غەنىمەتلىرى

360 غەنىمەت

## ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

59 غەنىمەت

- 25 غەنىمەت — ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 13 غەنىمەت — پاك ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 21 غەنىمەت — ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى روياپقا چىقىرىدىغان

## دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى يامانلىقلارنىڭ يوقىلىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

91 غەنىمەت

- 53 غەنىمەت — دىندا زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 17 غەنىمەت — ئۆلۈمدىن كېيىنكى ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 21 غەنىمەت — دۇنيادىكى ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان

## دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

210 غەنىمەت

- 5 غەنىمەت — دىندا تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 14 غەنىمەت — ئەمەلدە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 146 غەنىمەت — ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان
- 31 غەنىمەت — نەپسىنىڭ تەلپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان
- 10 غەنىمەت — دۇنيادىكى مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان
- 4 غەنىمەت — ئەتراپىڭدىكىلەردىن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان

# بىرىنچى باب

## ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

(59 غەنىمەت)

بۇ باب ئۈچ پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر (25)

ئىككىنچى پەسىل: پاك ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر (13)

ئۈچىنچى پەسىل: ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر (21)

# بىرىنچى پەسىل

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى روياپقا

## چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

### 25 غەنىمەت

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 1

1- دۇئا

**پەزىلىتى:** بەندىچىلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش

**دەلىلى:** نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دۇئا ئىبادەتتۇر» دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدْعُونِيٓ أَسْتَجِبْ لَكُمْ ۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِي سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ [غَافِر الآية ٦٠ ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ.» ﴾

(تىرمىزى (2969) رىۋايەت قىلغان ۋە «ھەسەن سەھىھ ھەدىس» دېگەن، ئالبانى سەھىھ دېگەن.)

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 2

2- راستچىللىق

**پەزىلىتى:** سىددىقلىق (راستچىللىق) مەرتىۋىسىگە يېتىش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىشى راستچىل بولۇۋەرسە، ئاخىرى سىددىقلاردىن (تولىمۇ راستچىل) بولۇپ كېتىدۇ...»

(بۇخارى (6094) ۋە مۇسلىم (2607) رىۋايەت قىلغان.)

غەنيمەت
ئاداسى

## غەنيمەت 3

3- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بەندە بولۇش

**دەلىلى:** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ﴾ [الحُجُرَات الآية ١٣] ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس ، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)﴾ .

غەنيمەت
ئاداسى

## غەنيمەت 4-5

4-5- ئاچچىقنى يۇتۇش ۋە باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش

**پەزىلىتى:** تەقۋادارلىقنى ئۆستۈرۈش

**دەلىلى:** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ ۝١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِى ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلْكَٰظِمِينَ ٱلْغَيْظَ وَٱلْعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ [آل عِمْرَان الآية ١٣٣ - ١٣٤] ﴿(جەننەت)تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل - مال) سەرپ قىلىدىغانلار ، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقنى يۇتىدىغانلار ، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 6

6- تۆگە باللىرىنىڭ تۇيىقى يەرنىڭ قىززىقلىقىدىن كۆيىشىدىغان ۋاقىتتا چاشگاھ نامىزى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئەۋۋابىن (ئاللاھقا كۆپ قايتقۇچىلار)دىن بولۇش

**دەلىلى:** زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (بالدۇرلا)چاشگاھ نامىزى ئوقۇۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆرۈپ: «ئۇلار بۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: 'ئەۋۋابىنلارنىڭ نامىزى تۆگە باللىرىنىڭ تۇيىقى يەرنىڭ قىززىقلىقىدىن كۆيىشىدىغان ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ' دېگەن» دېدى.

(مۇسلىم (748) رىۋايەت قىلغان.)

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 7

7- قىرىق كۈن جامائەتكە تۇنجى تەكبىردە ئۈلگۈرۈش

**پەزىلىتى:** مۇناپىقلىقتىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى قىرىق كۈن ئاللاھ ئۈچۈن جامائەت بىلەن (تۇنجى تەكبىرگە) ئۈلگۈرۈپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئادا- جۇدالىق يېزىلىدۇ: دوزاختىن ئادا- جۇدا بولۇش(قۇتۇلۇش) ۋە مۇناپىقلىقتىن ئادا- جۇدا بولۇش(ساقلىنىش).»

(تىرمىزى (241) ۋە ئەھمەد (12583) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.)

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 8

8- روزا

**پەزىلىتى:** ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ پاك ئەمەل

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرگىن» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «روزا تۇتقىن، چۈنكى ئۇنىڭغا تەڭداش كېلىدىغان ئەمەل يوق» ياكى «ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە يوق» دېدى.

[ئەھمەد (22707) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 9

9- ئاللاھنى زىكىر قىلىش

**پەزىلىتى:** ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ پاك ئەمەل

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، پادىشاھىڭلارنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ پاكى، دەرىجىلىرىڭلارنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، ئالتۇن-كۈمۈش سەرپ قىلىشتىن ياخشى، دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ بوينىنى چېپىش ۋە ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ بوينۇڭلارنى چېپىشىدىنمۇ ياخشى بولغان ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ھەئە» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ ئاللاھنى زىكىر قىلىشتۇر» دېدى.

[تىرمىزى (3377) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 10

10- كۈندە 100 قېتىم "لا إله إلا الله وحده لا شريك له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير" دېيىش

پەزىلىتى: ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ پاك ئەمەل

دەلىلى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كۈندە يۈز قېتىم 'لا إله إلا الله وحده لا شريك له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير' (يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.) دېسە، ئون قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىغا تەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغا يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ، يۈز يامانلىقى ئۆچۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى تا كەچ كىرگۈچە شەيتاندىن ساقلىنىدىغان قورغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك دېگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ئەمەل قىلغان ھېساپلانمايدۇ.»

[بۇخارى (3293) ۋە مۇسلىم (2691) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 11

11- ئەتىگەن-ئاخشامدا 100 قېتىم "سبحان الله وبحمده" دېيىش

**پەزىلىتى:** ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ پاك ئەمەل

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتىگەن-ئاخشامدا يۈز قېتىم 'سبحان الله وبحمده' (ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن) دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭ كەلتۈرگىنىدىن ئەۋزەلرەك ئەمەل كەلتۈرەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ئېيتقان ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېيتقان كىشىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا». [مۇسلىم (2692) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 12 -13

12-13- تاماق بېرىش ۋە تونۇغان-تونۇمىغان ھەممە كىشىلەرگە سالام بېرىش

**پەزىلىتى:** ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ پاك ئەمەل

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئىسلامنىڭ قايسى ئەمەلى ياخشى ؟» دەپ سوردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تاماق بېرىش ۋە تونۇغان-تونۇمىغان ھەممە كىشىلەرگە سالام بېرىش» دەپ جاۋاب بەردى.

[بۇخارى (12) ۋە مۇسلىم (39) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 14 -17

14-17- مۇئمىن مۇسۇلماننى خۇشال قىلىش ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ، قەرزىنى تۆلەش ۋە ئاچلىقىنى يوقىتىش

پەزىلىتى: ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەللەر

دەلىلى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەللەر: مۇسۇلماننى خۇشال قىلىش ، ياكى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ، ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەش ، ياكى ئۇنىڭ ئاچلىقىنى يوقىتىشتۇر»

[تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (13646) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

## غەنىمەت 18

18- ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ، جىھاد مەيدانىدا ئازغىنا تۇرۇش ۋە ئاللاھ يولىدا بىر كېچە-كۈندۈز ياكى بىر كۈن چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكى قىلىش

**پەزىلىتى:** قەدىر كېچىسىنى ھەجەرۇل ئەسۋەد يېنىدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەندىن ، ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغاندىن ، يالغۇز ئاتمىش يىل ناماز ئوقۇغاندىن ۋە بىر ئاي (كۈندۈزى)روزا تۇتۇپ كېچىسى ئىبادەت قىلغاندىن ياخشىدۇر.

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ يولىدا بىر سائەت تۇرۇش قەدىر كېچىسىنى ھەجەرۇل ئەسۋەد يېنىدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەندىن ياخشىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئىبنى ھىببان (463) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:« بىر كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى سەپتە تۇرۇشى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە باشقا كىشىلەرنىڭ ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن. [ھاكىم (2396) رىۋايەت قىلغان ، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدا تۇرۇشى يالغۇز ئاتمىش يىل ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىدۇر.» [ئەھمەد "مۇسنەد"تە (10937) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر كېچە-كۈندۈز چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكى قىلىش بىر ئاي روزا تۇتۇپ كېچىسى ئىبادەت قىلغاندىن ياخشىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (1913) رىۋايەت قىلغان.]

• سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ يولىدا بىر كۈن چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكى قىلىش بىر ئاي روزا تۇتۇپ كېچىسى ئىبادەت قىلغاندىن ئەۋزەل» ياكى «ياخشىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تىرمىزى (1665) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن. ]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 19

### 19- قەدىر كېچىسىدە ئەمەل قىلىش

**پەزىلىتى:** مىڭ ئايلىق ئەمەلدىن ياخشى

**دەلىلى:** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٌ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٍ﴾ [القَدْر الآية ٣] ﴿قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر﴾.

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 20

### 20- كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەش

**پەزىلىتى:** روزا، ناماز ۋە سەدىقىنىڭ دەرىجىسىدىن ئەۋزەل

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە روزا، ناماز ۋە سەدىقىنىڭ دەرىجىسىدىن ئەۋزەل بولغان نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر ئارىسىنى تۈزەش، چۈنكى كىشىلەر ئارىسىنىڭ بۇزۇلۇشى دىنىنى يوق قىلىدۇ» دېدى.

[ئەبۇ داۋۇد (4919)، تىرمىزى (2509) ۋە ئەھمەد (28156) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن. ]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 21

21- جۈمە كۈنى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئەڭ ئەۋزەل ناماز

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەڭ ئەۋزەل ناماز جۈمە كۈنى جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بامدات نامىزىدۇر» دېگەن. [بەززار "مۇسنەد"تە (1279) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 22

22- نەپلە نامازنى ئۆيدە ئوقۇش

**پەزىلىتى:** پەرز نامازدىن باشقا ئەڭ ئەۋزەل ناماز

**دەلىلى:** زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى خالايىق! ئۆيلىرىڭلاردا ناماز ئوقۇڭلار، چۈنكى پەرز نامازدىن باشقا، كىشىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل نامىزى ئۆيدە ئوقۇغان نامىزىدۇر» دېگەن. [بۇخارى (731) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 23

23- كېچە نامىزى ۋە يۈز ئايەت ئوقۇش

**پەزىلىتى:** پەرز نامازدىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ناماز ۋە بەندىنىڭ ئىتائەتمەنلەردىن بولۇشى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەرز نامازدىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ناماز كېچە نامىزىدۇر» دېگەن. [مۇسلىم (1163) رىۋايەت قىلغان.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى يۈز ئايەت ئوقۇپ كېچىلىك نامازغا تۇرسا ، ئىتائەتمەنلەردىن دەپ يېزىلىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1398) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 24

24- ئاللاھنىڭ ئېيى مۇھەررەمدە روزا تۇتۇش

**پەزىلىتى:** رامىزاندىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل روزا

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رامىزاندىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل روزا ئاللاھنىڭ ئېيى مۇھەررەمدە تۇتقان روزىدۇر» دېگەن. [مۇسلىم (1163) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

# غەنىمەت 25

25- خۇپتەندىن كېيىن ئوتتۇرىسىنى سالام بىلەن ئايرىماي (بىراقلا) تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** قەدىر كېچىسىدىكى شۇنچىلىك نامازغا تەڭ كېلىدۇ

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىمكى خۇپتەندىن كېيىن ئوتتۇرىسىنى سالام بىلەن ئايرىماي (بىراقلا) تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسا ، بۇ قەدىر كېچىسىدىكى شۇنچىلىك نامازغا تەڭ كېلىدۇ» دېگەن.

[ئىبنى ئەبى شەيبە "مۇسەننەف"تە (2/72/1) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

# ئىككىنچى پەسىل

# ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

13 غەنىمەت

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 26

### 1- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى دوست تۇتۇشى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:**

- ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَآ إِنَّ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ۝٦٢ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ﴾ [يُونُس الآية ٦٢ - ٦٣] ﴿ راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش يوقتۇر ، ئۇلار غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر .﴾.
- ﴿وَٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ [الجَاثِيَة الآية ١٩] ﴿ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر ﴾
- ﴿وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ [التَّوۡبَة الآية ٣٦] ﴿بىلىڭلاركى ، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر ﴾
- ﴿إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ﴾ [النَّحۡل الآية ١٢٨] ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر ﴾
- ﴿فَإِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ [آل عِمۡرَان الآية ٧٦] ﴿ چۈنكى ئاللاھ تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ .﴾.
- ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ [التَّوۡبَة الآية ٧] ﴿ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ .﴾.

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 27

2- ئېھسان

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندە بىلەن بىللە بولۇشى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ﴿إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحۡسِنُونَ ۝١٢٨﴾ [النَّحْل الآية ١٢٨]

﴿ ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر .﴾

- ﴿وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ﴾ [آل عِمۡرَان الآية ١٣٤] ﴿ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ .﴾

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 28

3- ئاللاھنى زىكىر قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندە بىلەن بىللە بولۇشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ مەن ھەققىدىكى ئويى بويىچە بولىمەن ، ئۇ مېنى زىكىر قىلغاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن» دېگەن. [بۇخارى (7405) ۋە مۇسلىم (2675) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 29

4- ئاللاھقا دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندە بىلەن بىللە بولۇشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ مەن ھەققىدىكى ئويى بويىچە بولىمەن ، ئۇ ماڭا دۇئا قىلغاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن» دېگەن. [مۇسلىم (2675) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 30

5- كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش

**پەزىلىتى:** ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بولۇش

**دەلىلى:** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر باشقىلارغا ئەڭ كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلاردۇر» دېگەن.

[تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (13646) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 31

6- ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَوَكِّلِينَ﴾ [آل عِمرَان الآية ١٥٩] ﴿ ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ .﴾

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 32

7- ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ، زىيارەت قىلىش ، ئۆز-ئارا دوستلىشىش ، نەسىھەت قىلىشىش ۋە يوقلىشىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى باشقا بىر يېزىدىكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلغىلى باردى. ئاللاھ ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە: «قەيەرگە بارماقچىسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «مۇشۇ يېزىدىكى بىر قېرىندىشىمنى زىيارەت قىلماقچىمەن» دېدى. پەرىشتە: «ئۇنىڭدا سېنىڭ بىرەر مەنپەئىتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ياق ، مەن پەقەت ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېدى. پەرىشتە: «مەن ساڭا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ، سەن ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىڭدەك ، ئاللاھمۇ سېنى ياخشى كۆردى» دېدى. [مۇسلىم (2567) رىۋايەت قىلغان.]

• ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەببى تەبارەكە ۋە تائالادىن رىۋايەت قىلىپ: «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەرگە ۋاجىپ بولدى ، مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن بىر-بىرىگە نەسىھەت قىلىشقانلارغا ۋاجىپ بولدى ، مېنىڭ مۇھەببىتىم يەنە مەن ئۈچۈن بىر-بىرىنى يوقلاشقانلارغا ۋاجىپ بولدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

[ئىبنى ھىببان (577) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 33

8- ئاللاھ ئۇچۇن باردى- كەلدى قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن باردى- كەلدى قىلىشقانلارغا ۋاجىپ بولدى» دېگەن. [ھاكىم (7409) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 34

9- ئاللاھ ئۈچۈن ئىلىم- بېرىم قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن ئېلىم- بېرىم قىلغانلارغا ۋاجىپ بولدى» دېگەن. [ھاكىم (7409) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 35

10- ئەنسارلارنى ياخشى كۆرۈش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ھارىس ئىبنى زىياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئەنسارلارنى ياخشى كۆرسە ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇچراشقان كۈنى(قىيامەت كۈنى) ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن. [ئىبنى ھىببان (7273) ، ئىبنى ماجە (163) ، نەسائى (6274) ۋە ئەھمەد (15780) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 36

### 11- ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرۈش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندە بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرۈشى

**دەلىلى:** ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6507) ۋە مۇسلىم (2683) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 37

### 12- سىلە-رەھىم قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندە بىلەن باغلىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشى

**دەلىلى:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تۇغقانچىلىق ئەرشكە ئېسىقلىق بولۇپ: 'كىمكى مېنى يەتكۈزسە (سىلە-رەھىم قىلسا) ئاللاھ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ ، كىمكى مېنى ئۈزسە ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۈزىدۇ' دەيدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2555) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 38

### 13- سەجدىدە كۆپ دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئەڭ يېقىن پەيت

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەندە رەببىگە ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقىت سەجدە قىلغان ۋاقتىدۇر ، شۇڭا سەجدىدە كۆپ دۇئا قىلىڭلار» دېگەن. [مۇسلىم (482) رىۋايەت قىلغان.]

# ئۈچىنچى پەسىل

# ئاللاھ تائالانىڭ پەزلىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

**21 غەنىمەت**

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 39

1- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ رازىلىقى

**دەلىلى:** ﴿لِلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّـٰتٌ تَجۡرِى مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَـٰرُ خَـٰلِدِينَ فِيهَا وَأَزۡوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ وَرِضۡوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ﴾ [آل عِمرَان الآية ١٥] ﴿ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رىزاسى بار ﴾

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 40

2- يېيىش-ئىچىشتە ھەمدە ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ رازىلىقى

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بەندىنىڭ بىر نەرسە يەپ ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىشىدىن، ياكى بىر نەرسە ئىچىپ ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىشىدىن رازى بولىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2734) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 41

3- مىسۋاك ئىشلىتىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ رازىلىقى

**دەلىلى:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مىسۋاك ئېغىز پاكىزلايدۇ ۋە رەببىنى سۆيۈندۈرىدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (4)، ئىبنى ماجە (3449) رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان، مۇنزىرى ۋە نەۋەۋى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 42

4- ئەتىگەن-ئاخشامدا (رضينا بالله ربًّا، وبالإسلام دينًا، وبمحمد رسولًا) دېيىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىنى رازى قىلىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ سەللام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئەتىگەن-ئاخشامدا (رضينا بالله ربًّا، وبالإسلام دينًا، وبمحمد رسولًا) 'ئاللاھنى رەب، ئىسلامنى دىن، مۇھەممەدنى ئەلچى بىلىپ رازى بولدۇق' دېسە، ئاللاھنىڭ ئۇنى رازى قىلىشى ھەق بولىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (5072) رىۋايەت قىلغان، ئەرنەئۇت سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 43

5- تەۋبە قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ تەۋبىنى قوبۇل قىلىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى كۈن غەربتىن چىقىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2703) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 44

6- قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش

**پەزىلىتى:** ئەڭ ياخشى بولۇش

**دەلىلى:** ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر» دېگەن. [بۇخارى (5027) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 45

7- ھەر نامازدىن كېيىن «سبحان الله و الحمد لله و الله أكبر»نى 33 قېتىمدىن ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ئەڭ ياخشى بولۇش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئەگەر ئۇنى قىلساڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلارغا يېتىشۋالىسىلەر، سىلەردىن كېيىنكىلەر سىلەرگە يېتىشەلمەيدۇ، شۇنداقلا سىلەر ئارىسىدا ياشايدىغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولىسىلەر، پەقەت شۇنداق قىلغان كىشىلا سىلەرگە يېتىشەلەيدۇ. ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم تەسبىھ، تەھمىد ۋە تەكبىر ئېيتىڭلار: ' سبحان الله (ئاللاھ پاكتۇر) والحمد لله(بارلىق ھەمدۇ- سانا ئاللاھقا خاستۇر) والله أكبر(ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر) ' تاكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز ئۈچكە يەتكۈچە ئېيتىڭلار» دېگەن. [بۇخارى (843) ۋە مۇسلىم (595) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 46

8- ئېپتارنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا قىلىشقا ئالدىراش

**پەزىلىتى:** ياخشىلىقتا بولۇش

**دەلىلى:** سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەر ئېپتارنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا قىلىشقا ئالدىرىغان مۇددەتچە داۋاملىق ياخشىلىقتا بولىدۇ» دېگەن.

[بۇخارى (1957) ۋە مۇسلىم (1098) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 47

9- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىگە ئون قېتىم رەھمەت قىلىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (408) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 48

10- ئالدىنقى سەپتە ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىگە رەھمەت قىلىشى

**دەلىلى:** بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە رەھمەت قىلىدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (3/645) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 49

11- ئۇسسىغان ھايۋانلارغا سۇ بېرىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىگە رەھمەت قىلىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كەتتى. ئۇ بىر قۇدۇقنى تېپىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. چىققاندا بىر ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ھاسىراپ، نەم تۇپراقنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ: 'بۇ ئىت مەندەك قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ' دەپ، قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىگە سۇ تولدۇرۇپ، ئىتقا سۇ بەردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلدى». [بۇخارى (2466) ۋە مۇسلىم (2244) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 50

### 12- ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن يىغىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ ئۇنى ئۆز دەرگاھىدىكىلەر ئالدىدا تىلغا ئېلىشى ۋە خاتىرجەملىكنىڭ چۈشۈشى

**دەلىلى:**

- ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر قەۋم ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرسا ، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئوراپ تۇرىدۇ ، رەھمەت ئۇلارنى قاپلايدۇ ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىدىكىلەر ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2700) رىۋايەت قىلغان.]
- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ مەن ھەققىدىكى ئويى بويىچە بولىمەن ، ئۇ مېنى زىكىر قىلسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ئىچىدە زىكىر قىلسا ، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە زىكىر قىلىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە زىكىر قىلسا ، مەن ئۇنى ئۇلاردىنمۇ ياخشى جامائەت ئىچىدە زىكىر قىلىمەن» دېگەن. [بۇخارى (7405) ۋە مۇسلىم (2675) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 51

### 13- ئاللاھنى زىكىر قىلىش

پەزىلىتى: ئاللاھنىڭ بەندىنى زىكىر قىلىشى

دەلىلى: ﴿فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ﴾ [البَقَرَة الآية ١٥٢] ﴿ مېنى (تائەت . ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن .﴾

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 52

### 14- ئاللاھنى ئىچىگدە زىكىر قىلىش

پەزىلىتى: ئاللاھنىڭ بەندىنى ئىچىدە زىكىر قىلىشى

دەلىلى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ مەن ھەققىدىكى ئويى بويىچە بولىمەن، ئۇ مېنى زىكىر قىلسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ئىچىدە زىكىر قىلسا، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە زىكىر قىلىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە زىكىر قىلسا، مەن ئۇنى ئۇلاردىنمۇ ياخشى جامائەت ئىچىدە زىكىر قىلىمەن» دېگەن. [بۇخارى (7405) ۋە مۇسلىم (2675) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 53

15- ئاجىزلىق ۋە ئۆزىنى ئاجىز تۇتۇش

**پەزىلىتى:** قەسىمىنىڭ ئىجابەت بولۇشى

**دەلىلى:** هارىسە ئىبنى ۋەهب خۇزائى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ دەيدۇكى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلەرگە جەننەت ئەهلىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار هەربىر ئاجىز، ئۆزىنى ئاجىز تۇتقان كىشىلەر بولۇپ، ئەگەر ئۇلار ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىنى ئىجابەت قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [بۇخارى (4918) ۋە مۇسلىم (2853) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 54

16- مەسجىدتە نامازنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۆيدە نەپلە ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئۆيدە خەيرلىك بولۇش

**دەلىلى:** جابىر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدتە نامىزىنى ئادا قىلسا، ئۆيىگە نامازدىن بىر نىسىۋە قىلسۇن، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭ نامىزى سەۋەبلىك ئۆيدە خەيرلىك قىلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (778) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 55

17- بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** بەرىكەت

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە باهىلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ دەيدۇكى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنى ئوقۇش بەرىكەتتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (804) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 56

18- سوھۇرلۇق يېيىش

**پەزىلىتى:** بەرىكەت

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سوھۇرلۇق يەڭلار، چۈنكى سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار» دېگەن. [بۇخارى (1923) ۋە مۇسلىم (1095) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 57

19- يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش

**پەزىلىتى:** بۈيۈك نىسىۋە

**دەلىلى:** ﴿وَلَا تَسۡتَوِي ٱلۡحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُۚ ٱدۡفَعۡ بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِي بَيۡنَكَ وَبَيۡنَهُۥ عَدَٰوَةٞ كَأَنَّهُۥ وَلِيٌّ حَمِيمٞ ۝٣٤ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٖ﴾ [فُصِّلَت ٣٤ - ٣٥] ﴿ ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نىسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ.﴾

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 58

### 20- جۈمە كۈنى كەھف سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** بىر ھەپتە نۇر بولۇش ۋە بەيتۇللاھقىچە بولغان ئارىلىقتا نۇر بولۇش

**دەلىلى:** ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى جۈمە كۈنى كەھف سۈرىسىنى ئوقۇسا ، ئىككى جۈمە ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا نۇر يورۇيدۇ» دېگەن.

[ھاكىم (3412) رىۋايەت قىلغان ، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى جۈمە كۈنى كەھف سۈرىسىنى ئوقۇسا ، ئۇنىڭ بىلەن بەيتۇللاھ ئارىلىقىدا نۇر يورۇيدۇ» دېگەن. [بەيھەقى "سۈنەن كۇبرا"دا (6078) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 59

### 21- سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم نەپەس ئېلىش

**پەزىلىتى:** ئىچكەن سۇدا بەرىكەت بولۇش

**دەلىلى:** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچكۈ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم نەپەس ئالاتتى ۋە: 'بۇ قاندۇرغۇچىراق ، پايدىلىقراق ۋە تەملىكرەك' دەيتتى» دېگەن. [مۇسلىم (2028) رىۋايەت قىلغان.]

# ئىككىنچى باب

## دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى يامانلىقلارنىڭ يوقىلىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

### 91 غەنىمەت

بۇ باب ئۈچ پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى پەسىل: دىنغا زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر(53)

ئىككىنچى پەسىل: ئۆلۈمدىن كېيىنكى ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر(17)

ئۈچىنچى پەسىل: دۇنيادىكى ياقتۇرۇلمايدىغان نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر(21)

# بىرىنچى پەسىل
# دىنغا زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى
# روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

53غەنىمەت

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 60

1- كۈندە 100 قېتىم " سبحان الله و بحمده " دېيىش

**پەزىلىتى:** بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ۋە مىڭ خاتالىقنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:**

- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر كۈندە ' سبحان الله و بحمده ' (ئاللاھنى پاك دەپ ئېتقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن ) نى يۈز قېتىم ئېيتسا ، ئۇنىڭ دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ خاتالىقلىرى بولسىمۇ ئۆچۈرۈلىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6405) ۋە مۇسلىم (2691) رىۋايەت قىلغان.]
- سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق ، ئۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەر كۈنى مىڭ ياخشىلىق قىلىشتىن ئاجىز كېلەمدۇ ؟... يۈز قېتىم تەسبىھ ئېيتسا ، ئۇنىڭغا مىڭ ياخشىلىق يېزىلىدۇ ياكى مىڭ خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ» دېدى. [مۇسلىم (2698) رىۋايەت قىلغان. ]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 61

2- تاھارەتنى تولۇق ئېلىش ۋە قىيىن شارائىتتىمۇ مۇكەممەل قىلىش

**پەزىلىتى:** بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ياكى مۇئمىن بەندە تاھارەت ئالغاندا ، يۈزىنى يۇسا ، كۆزى بىلەن قارىغان ھەر بىر گۇناھ سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

قوللىرىنى يۇغاندا، قولى بىلەن قىلغان ھەر بىر گۇناھ سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. پۇتلىرىنى يۇغاندا، پۇتى بىلەن ماڭغان ھەر بىر گۇناھ سۇ بىلەن ياكى سۇنىڭ ئاخىرقى تامچىسى بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇ گۇناھلاردىن پاك بولۇپ چىقىدۇ». [مۇسلىم (244) رىۋايەت قىلغان.]

• ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى تاھارەتنى گۈزەل ئالسا، بەدىنىدىكى ھەتتا تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۇناھلىرىلىرىمۇ چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (245) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئاللاھ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيىنچىلىقتا تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىش» دېدى. [مۇسلىم (251) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 62

### 3- جىنسىي ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ- سۆز ۋە گۇناھ قىلماي ھەج قىلىش

**پەزىلىتى:** بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلسا، جىنسىي ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ- سۆز ۋە گۇناھ قىلمىسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك (گۇناھسىز) قايتىدۇ». [بۇخارى (1521) ۋە مۇسلىم (1350) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 63

4- مەسجىدى ئەقسادا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بېرىش

**پەزىلىتى:** بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سۇلەيمان ئىبنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بەيتۇل مەقدىسنى قۇرۇپ بولغاندا ، ئاللاھتىن ئۈچ نەرسە تىلىدى: ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھۆكۈم ، ئۆزىدىن كېيىن ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدىغان پادىشاھلىق ۋە بۇ مەسجىدكە پەقەت ناماز ئوقۇش نىيىتى بىلەن كەلگەن كىشىنىڭ ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھسىز بولۇپ كېتىشى». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككىسى بېرىلدى ، ئۈچىنچىسىنىڭمۇ بېرىلگەنلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. [نەسائى (774) ۋە ئىبنى ماجە (1408) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 64

5- قۇربانلىقتا ھازىر بولۇش

**پەزىلىتى:** بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى فاتىمە! تۇرۇڭ ، قۇربانلىقىڭىزغا ھازىر بولۇڭ ، چۈنكى ئۇنىڭ قېنىنىڭ تۇنجى تامچىسى چۈشۈشى بىلەن سىزنىڭ قىلغان بارلىق گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [بەيھەقى "سۇنەن كۇبرا"دا (10336) رىۋايەت قىلغان ، سۇيۇتى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 65

6- ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش

**پەزىلىتى:** قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «شېھىتنىڭ قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (1886) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 66

7- تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ، كۆڭلىنى باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل قىلماي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەش

**پەزىلىتى:** ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** • ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مېنىڭ بۇ تاھارىتىمدەك تاھارەت ئېلىپ، كۆڭلىنى باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل قىلماي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (159) ۋە مۇسلىم (226) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قانداقلا بىر بەندە گۇناھ قىلىپ، ئاندىن تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مەغپىرەت تىلىسە، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ». [ئەبۇ داۋۇد (1521)، تىرمىزى (406) ۋە نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (10175) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 67

8- رامىزاندا (ئاللاھنىڭ ئەجىر بېرىدىغانلىقىغا) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كېچىسى ئىبادەت قىلىش

**پەزىلىتى:** ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى رامىزاندا (ئاللاھنىڭ ئەجىر بېرىدىغانلىقىغا) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كېچىسى ئىبادەت قىلسا ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (1901) ۋە مۇسلىم (760) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 68

9- قەدىر كېچىسىدە (ئاللاھنىڭ ئەجىر بېرىدىغانلىقىغا) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىش

**پەزىلىتى:** ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قەدىر كېچىسىدە (ئاللاھنىڭ ئەجىر بېرىدىغانلىقىغا) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلسا ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (1901) ۋە مۇسلىم (760) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 69

10- ئىمام ( ئامىن دىگەندىن ) كىيىن پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دىيىشى بىلەن تەڭ ئامىن دىيىش

**پەزىلىتى:** ئىلگىرىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىمام ئامىن دىگەندە سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار ، چۈنكى كىمنىڭ ئامىن دىيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دىيىشىگە تەڭ كەلسە ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دىگەن. [بۇخارى (780) ۋە مۇسلىم (410) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 70

11- "لا إله إلا الله والله أكبر ولا حول ولا قوة إلا بالله " دىيىش

**پەزىلىتى:** نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەر يۈزىدە 'لا إله إلا الله والله أكبر ولا حول ولا قوة إلا بالله' (بىر ئاللاھدىن باشقا ھىچقانداق ئىلاھ يوقتۇر ، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر ،كۈچ- قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپتۇر) دىگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ خاتالىقلىرى ، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ» دىگەن. [تىرمىزى (3460) ، نەسائىي (9873) ۋە ئەھمەد (6554) رىۋايەت قىلغان ، ئەھمەد شاكىر سەھىھ دىگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 71

12- ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىمدىن تەسبىھ ، ھەمد ۋە تەكبىر ئېيتىش ۋە يۈزىنچىسىدە 'لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير ' دېيىش

**پەزىلىتى:** نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم 'سبحان الله' (ئاللاھ پاكتۇر)، 33 قېتىم '**الحمد لله**' (بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر)، 33 قېتىم '**الله أكبر**' (ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر)دېسە ، بۇ 99 بولىدۇ. يۈزىنچىسىدە '**لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير**' (يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر ، پۈتۈن پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر)دېسە ، خاتالىقلىرى دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ كەچۈرۈلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (597) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 72

13- تاھارەتنى ئۆيدە گۈزەل ۋە مۇكەممەل ئېلىپ ، پەقەت جامائەت بىلەن پەرز ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كۆپ قەدەم تاشلاش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئاللاھ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ

قويـايمۇ ؟» دېـدى. ئۇلار: «ھەئە ، ئى رەسـۇلۇللاھ!» دېيىشـتى. پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «قـيىن شـارائىتتا تاھـارەتنى مـۇكەممەل ئېلـىش ۋە مەسـجىدلەرگە كـۆپ قەدەم تاشـلاش» دېـدى. [مۇسـلىم (251) رىۋايەت قىلغان.]

• ئوسـمان ئىبنـى ئەففـان رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ دەيـدۇكى: مەن رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى نامـاز ئۈچـۈن تاھـارەتنى مـۇكەممەل ئېلـىپ ، ئانـدىن پەرز نامازغا مېڭىـپ ، ئۇ(ناماز)نى كىشىلەر بىلەن ياكى جامائەت بىلەن ياكى مەسجىدتە ئوقۇسا ، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ». [مۇسلىم (232) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنـىدۇكى ، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «كىمكى تاھارەتنى گـۈزەل ئېلـىپ ، پەقەت ناماز ئۈچۈنلا مەسجىدكە كەلسە ، نامازدىن باشقا نەرسە ئۇنى كەلتۈرمىگەن بولسا ، باسقان ھەر قەدىمـى ئۈچـۈن بىـر دەرىـجە كۆتۈرۈلـىدۇ ، يـاكى بىـر خاتـالىقى ئۆچۈرۈلـىدۇ» دېـگەن. [بۇخـارى (2119) ۋە مۇسـلىم (649) رىـۋايەت قىلغان.]

• ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنـىدۇكى ، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «كىمكى ئۆيىـدە تاھارەت ئېلىـپ ، ئانـدىن ئاللاھنىـڭ ئۆيلىرىـدىن بىـرىگە ئاللاھنىـڭ پەرزلىرىـدىن بىرىنـى ئادا قىلىـش ئۈچۈن ماڭسا ، ئۇنىڭ قەدەملىرىنىڭ بىرى خاتالىقنى ئۆچۈرسە ، يەنە بىرى دەرىجىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (666) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 73

14- بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئاللاھ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيىن شارائىتتا تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ قەدەم تاشلاش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش. مانا بۇ (چېگرا) مۇھاپىزەتچىلىكى، مانا بۇ (چېگرا) مۇھاپىزەتچىلىكى» دېدى. [مۇسلىم (251) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 74

15- كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەدىقە خاتالىقنى، خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرىدۇ، كىشىنىڭ كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇغان نامىزىمۇ شۇنداق» دېگەن. [نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (11330)، ترمىزى (2616) ۋە ئەھمەد (22439) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل قەييىم ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 75

16- كەڭچىلىكتە ۋە قىسىنچىلىقتا سەدىقە قىلىش ۋە خىراجەت قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان ، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل . مال) سەرپ قىلىدىغانلاردۇر﴾ [ئال ئىمران: 133-134]

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەدىقە خاتالىقنى خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرىدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (11330) ، ترمىزى (2616) ۋە ئەھمەد (22439) رىۋايەت قىلغان ، ئىبنۇل قەييىم ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 76

17- ھەج بىلەن ئۆمرىنى قايتا- قايتا قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەج بىلەن ئۆمرىنى قايتا- قايتا قىلىڭلار ، چۈنكى ئۇ ئىككىسى خۇددى كۆرۈك تۆمۈر ، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ دېتىنى يوقاتقاندەك ، نامراتلىق ۋە گۇناھلارنى يوقىتىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (3743) ، ترمىزى (810) ۋە نەسائى (3597) رىۋايەت قىلغان ، ئەھمەد شاكىر سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 77

18- ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدا تۇرۇشى ئاتمىش يىل يالغۇز ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىدۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىنى ياخشى كۆرمەمسىلەر؟» دېگەن. [ئەھمەد (10879) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 78

19- ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ تُوبُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ.﴾ [تەھرىم: 8]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 79

20- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** • ﴿وَسَارِعُوٓا۟ إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.﴾ [ئال ئىمران: 133]

• ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَتَّقُواْ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّكُمۡ فُرۡقَانٗا وَيُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.﴾ [ئەنفال: 29]

• ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوۡلٗا سَدِيدٗا ۝٧٠ يُصۡلِحۡ لَكُمۡ أَعۡمَٰلَكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۗ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾ [ئەھزاب: 70-71]

• ﴿مَّثَلُ ٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي وُعِدَ ٱلۡمُتَّقُونَۖ فِيهَآ أَنۡهَٰرٞ مِّن مَّآءٍ غَيۡرِ ءَاسِنٖ وَأَنۡهَٰرٞ مِّن لَّبَنٖ لَّمۡ يَتَغَيَّرۡ طَعۡمُهُۥ وَأَنۡهَٰرٞ مِّنۡ خَمۡرٖ لَّذَّةٖ لِّلشَّـٰرِبِينَ وَأَنۡهَٰرٞ مِّنۡ عَسَلٖ مُّصَفّٗىۖ وَلَهُمۡ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ وَمَغۡفِرَةٞ مِّن رَّبِّهِمۡۖ﴾ ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ﴾ [مۇھەممەد: 15]

• ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَءَامِنُواْ بِرَسُولِهِۦ يُؤۡتِكُمۡ كِفۡلَيۡنِ مِن رَّحۡمَتِهِۦ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ نُورٗا تَمۡشُونَ بِهِۦ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ ﴿ئى (ئىيساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾ [ھەدىد: 28]

• ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعۡظِمۡ لَهُۥٓ أَجۡرًا﴾ ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ.﴾ [تالاق: 5]

غەنىمەت
ئاداسى
✔

## غەنىمەت 80

**21- ئىستىغفار ئېيتىش، "أستغفر الله الذي لا إله إلا هو الحي القيوم وأتوب إليه" دېيىش ۋە گۇناھتا چىڭ تۇرماسلىق**

**پەزىلىتى: گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى**

**دەلىلى:** ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ١٣٤ وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً أَوۡ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ لِذُنُوبِهِمۡ وَمَن يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمۡ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ.﴾ [ئال ئىمران: 133-135]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى يوق قىلىپ، گۇناھ قىلىپ ئاندىن ئىستىغفار ئېيتىدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرەتتى، ئاندىن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلاتتى» دېگەن. [مۇسلىم (2749) رىۋايەت قىلغان.]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلغان قۇلى يەسار ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى "أستغفر الله الذي لا إله إلا هو الحي القيوم وأتوب إليه" 'ھەممىشە تىرىك ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن' دېسە، گەرچە جەڭدىن قاچقان بولسىمۇ، ئۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئەبۇ داۋۇد (1517) ۋە تىرمىزى (3577) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 81

22- چارچاش، كېسەللىك، غەم-قايغۇ، ئازاب-ئوقۇبەت ياكى ئەندىشىلەر ئۈستىدىن سەۋر قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ سەئىد خۇدرى ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمانغا چارچاش، كېسەللىك، غەم-قايغۇ، ئەندىشە، ئازاب-ئوقۇبەت ياكى دەرد-ئەلەم يەتسە، ھەتتا ئۇنىڭغا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھ بۇلار بىلەن ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (5641) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت نادالىسى

## غەنىمەت 82

23- يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ﴿إِنَّ ٱلۡحَسَنَٰتِ يُذۡهِبۡنَ ٱلسَّيِّـَٔاتِۚ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ.﴾ [ھۇد: 114]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىل، ئۇ يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (21750) ۋە تىرمىزى (1987) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە سەففارىنى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت نادالىسى

## غەنىمەت 83

24- چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ﴿إِن تَجۡتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنۡهَوۡنَ عَنۡهُ نُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَنُدۡخِلۡكُم مُّدۡخَلٗا كَرِيمٗا﴾ ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز.﴾ [نىسا: 31]

غەنىمەت نادالىسى

## غەنىمەت 84

25- (داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇئەييەن)دۇئانىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن (داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇئەييەن) دۇئايىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىدا سىلىگە دۇرۇت ئېيتىمەن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا غەم-قايغۇڭ كۆپايە قىلىنىدۇ ۋە گۇناھىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (2457) رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 85

26- مۈلك سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاندا ئوتتۇز ئايەتلىك بىر سۈرە بار بولۇپ ، ئۇ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنغۇچە شاپائەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ (مۈلك سۈرىسى)دۇر» دېگەن. [ئىبنى ماجە (2899) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 86

27- جامائەت بولۇپ زىكىر قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ يوللاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ زىكىر ئەھلىنى ئىزدەيدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار ئاللاھنى زىكىر قىلىۋاتقان بىر قەۋمنى تاپسا: 'ئىزدىگىنىڭلارغا كېلىڭلار' دەپ چاقىرىشىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىغىچە ئوراپ تۇرىدۇ. رەببى (بىلىپ تۇرسىمۇ) ئۇلاردىن: 'بەندىلىرىم نېمە دەيدۇ؟' دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: 'ئۇلار سېنىڭ تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ ، ھەمد ئېيتىۋاتىدۇ ۋە سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ' دەيدۇ. شۇندا ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە: 'گۇۋاھ بولۇڭلاركى ، مەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6408) ۋە مۇسلىم (2689) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 87

28- كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرىدە ئىستىغفار ئېيتىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رەببىمىز تەبارەكە ۋە تائالا ھەر كېچە كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: 'كىم ماڭا دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىمەن، كىم مەندىن سورىسا بېرىمەن، كىم مەندىن مەغپىرەت تىلىسە مەغپىرەت قىلىمەن' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (7494) ۋە مۇسلىم (758) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 88

29- ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچرىشىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ئۇلار ئايرىلىشتىن بۇرۇن مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (5212)، تىرمىزى (2727)، ئىبنى ماجە (3703) ۋە ئەھمەد (18845) رىۋايەت قىلغان، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 89

30- ئەزاندىن كېيىن "أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأن أن **محمدًا عبده ورسوله، رضيت بالله ربًا وبمحمد رسولاً وبالإسلام دينًا"**

دېيىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغان چاغدا "أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له وأن محمدًا عبده ورسوله، رضيت بالله ربًا وبمحمد رسولاً وبالإسلام دينًا" 'ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىغا ، ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ، شېرىكى يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن ، ئاللاھنى رەب ، مۇھەممەدنى پەيغەمبەر ۋە ئىسلامنى دىن بىلىپ رازى بولدۇم' دېسە ، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (386) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

☑

○

**غەنىمەت 90**

31- يولدىكى ئەزىيەتلەرنى يوقىتىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ ، يولدا بىر تىكەنلىك شاخنى كۆرۈپ ئۇنى ئېلىۋەتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىپ ئۇنى مەغپىرەت قىلدى» دېگەن. [بۇخارى (652) ۋە مۇسلىم (1914) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

☑

○

**غەنىمەت 91- 92**

32-33- ئاچچىقنى يۇتۇش ۋە كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِۗ﴾ ﴿ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل . مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ﴾ [ئال ئىمران: 133-134]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 93

### 34- ئەزان ئېيتىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇئەززىننىڭ ئاۋازى يەتكەن يەرگىچە گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

[نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (1621)، ئەھمەد (7726) ۋە ئەبۇ داۋۇد (515) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 94

### 35- ئۇسسىغان ھايۋانلارغا سۇ بېرىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ

قاتتىق ئۇسساپ كەتتى. ئۇ بىر قۇدۇقنى تېپىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. چىققاندا بىر ئىتنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ھاسىراپ، نەم تۇپراقنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ: 'بۇ ئىت مەندەك قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ' دەپ، قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىگە سۇ تولدۇرۇپ، ئىتقا سۇ بەردى. ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئەمىلىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى مەغپىرەت قىلدى» دېگەن. [بۇخارى (2466) ۋە مۇسلىم (2244) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 95

36- مېيىتنىڭ مىلىدىن ئۇنىڭ نامىدا سەدىقە قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «دادام ۋەسىيەت قىلماي ۋاپات بولۇپ، مال-دۇنيا قالدۇردى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ نامىدا سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولامدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەئە» دېگەن. [مۇسلىم (1630) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 96

37- قىينىچىلىقتا قالغانغا مۆھلەت بېرىش ۋە قەرز تاپشۇرۇۋالغاندا كەڭچىلىك قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى ۋاپات بولۇپ جەننەتكە

كــردى. ئۇنىڭــدىن: 'نــېمە ئەمەل قىلاتتىــڭ؟' دەپ ســورالدى. ئۇ: 'مەن كىشىلەر بىلەن سودا قىلاتتىم، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا مۆھلەت بېرەتتىم ۋە ھېسابلاشقاندا كەڭچىلىك قىلاتتىم' دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەغپىرەت قىلىندى» دېگەن. [بۇخارى (2391) ۋە مۇسلىم (1560) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 97

### 38- كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا بىسىلغان قەدەم

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلسا، ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ، بىر ياخشىلىق يازىدۇ ۋە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئىبنى ھىببان (3697) ۋە تىرمىزى (959) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 98

### 39- يەمانى ۋە ھەجەرۇل ئەسۋەد بۇلۇڭلىرىنى سىلاش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئىككىسىنى سىلاش خاتالىقلارغا كاپارەتتۇر» دېگەن. [ھاكىم "مۇستەدرەك"تە (1805) ۋە تىرمىزى (959) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 99

40- ئاللاھقا سەجدە قىلىش

**پەزىلىتى:** گۇناھنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ -رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى- دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كۆپ سەجدە قىلغىن ، چۈنكى سەن ئاللاھقا ھەر بىر سەجدە قىلغىنىڭدا ، ئاللاھ سېنى بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ ۋە بىر خاتالىقىڭنى ئۆچۈرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (488) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 100

41- بازارغا كىرگەندە "لَا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ" دېيىش

**پەزىلىتى:** بىر مىليون يامانلىقنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بازارغا كىرگەندە "لَا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ" 'يەككە-يېگانە ، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇ مەڭگۈ ھايات ، ئۆلمەيدۇ ، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر' دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر مىليون ياخشىلىق يېزىپ ، بىر مىليون يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ ۋە جەننەتتە ئۇنىڭغا بىر ئۆي سالىدۇ» دېگەن. [ھاكىم "مۇستەدرەك"تە (1980) ۋە تىرمىزى (3428) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 101

### 42- ئەرەفە كۈنى روزا تۇتۇش

**پەزىلىتى:** ئالدىنقى ۋە كېيىنكى يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇش

**دەلىلى:** ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرەفە كۈنىنىڭ روزىسى ھەققىدە سورالغاندا: «ئۇ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (1162) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 102

### 43- ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش

**پەزىلىتى:** ئالدىنقى يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇش

**دەلىلى:** ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى ئالدىنقى يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇشىنى ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. [مۇسلىم (1162) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 103

### 44- ئۆمرىدىن كېيىن ئۆمرە قىلىش

**پەزىلىتى:** ئىككى ئۆمرە ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولۇش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: « ئۆمرىدىن كېيىن ئۆمرە قىلىش ئىككى ئۆمرە ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ» دېگەن.

[بۇخارى (1773) ۋە مۇسلىم (1349) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 104

45- 100 قېتىم "لا إله إلا الله وحده لا شريک له، له الملک و له الحمد، وهوعلى کلّ شئ قدير" دېيىش

**پەزىلىتى:** 100 يامانلىقنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى ۋە شەيتاندىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى كۈندە 100 قېتىم "لا إله إلا الله وحده لا شريک له، له الملک و له الحمد، وهوعلى کلّ شئ قدير" 'يەككە-يېگانە، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر' دېسە، ئون قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا تەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغا يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ، يۈز يامانلىقى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە بۇ ئۇنىڭغا كەچ كىرگۈچە شەيتاندىن ساقلىنىدىغان قورغان بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (2393) ۋە مۇسلىم (2691) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 105

46- بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئولتۇرغان ھالىتىدە گەپ قىلماي تۇرۇپ 10 قېتىم "لا إله إلا الله وحده لا شريک له، له الملک و له الحمد، يحيي ويميت وهو حيّ لا يموت، بيده الخير وهوعلى کلّ شئ قدير" دېيىش

**پەزىلىتى:** 10 يامانلىقنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى، شېرىكتىن باشقا گۇناھنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەسلىكى (يېزىلماسلىقى) ۋە شەيتاندىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بامدات نامىزىدىن كېيىن،

ئۆلتۈرغان ھالىتىدە گەپ قىلماي تۇرۇپ 10 قېتىم "لا إله إلا الله وحده لا شريک له، له الملک و له الحمد، يحيى ويميت وهو حيّ لا يموت، بيده الخير وهوعلى كلّ شئ قدير" 'يەككە-يېگانە ، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇ مەڭگۈ ھايات ، ئۆلمەيدۇ ، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر' دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىملىق زىكرى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ ، بىر يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ ، بىر دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ ، ھەر بىر قېتىملىق زىكرى ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقتىن ساقلىنىدۇ ، شەيتاندىن قوغدىلىدۇ ۋە شېرىكتىن باشقا گۇناھ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيدۇ (يېزىلمايدۇ)» دېگەن.[تىرمىزى (3473) ۋە نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (9878) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 106

47- سورۇندىن تۇرۇشتىن بۇرۇن "سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ" دېيىش

**پەزىلىتى:** سورۇندىكى گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ، ئۇ يەردە كۆپ بىھۇدە سۆزلەر قىلىنغان بولسا ، سورۇندىن تۇرۇشتىن بۇرۇن "سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ" ' ئى ئاللاھ! سىلى پاكتۇرلا ، سىلىنى مەدھىيەلەيمەن ، سىلىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق

بىرمەن ، سىلدىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە سىلىگە تەۋبە قىلىمەن' دېسە ، شۇ سورۇندىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3433)، نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (10157) ۋە ئەھمەد (10559) رىۋايەت قىلغان ، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 107

48- ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش

**پەزىلىتى:** شەيتاندىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ﴿إِنَّهُۥ لَيۡسَ لَهُۥ سُلۡطَٰنٌ عَلَى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى ، مۆمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۆمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ).﴾ [نەھل: 99]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 108

49- ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** تاڭ ئاتقۇچە شەيتان يېقىن كېلەلمەسلىكى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئورنۇڭغا ياتقاندا ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇساڭ ، ئاللاھتىن بىر قوغدىغۇچى ھەمراھ بولىدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (3275) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 109

50- ئايالى بىلەن بىللە بولغاندا "بسم الله اللهم جنبنا الشيطان و جنب الشيطان ما رزقتنا" دېيىش

**پەزىلىتى:** بالىنىڭ شەيتاندىن ساقلىنىشى

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالى بىلەن بىللە بولغاندا "بسم الله اللهم جنبنا الشيطان و جنب الشيطان ما رزقتنا" 'بىسمىللاھ، ئى ئاللاھ! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، بىزگە ئاتا قىلغان نەرسىنىمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن' دېسە، ئەگەر ئۇلاردىن پەرزەنت يۇتۇلگەن بولسا، شەيتان ئۇنىڭغا مەڭگۈ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن.[بۇخارى (6388) ۋە مۇسلىم (1434) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 110-111

51-52- يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە مىسكىنگە تاماق بېرىش

**پەزىلىتى:** قەلب قاتتىقلىقىنىڭ يوقىلىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدىن شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغىن ۋە مىسكىنگە تاماق بەرگىن» دېگەن. [ئەھمەد (9140) رىۋايەت قىلغان، مۇنزىرى ۋە ئالبانى: راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 112

53- ئون ئايەت ئوقۇپ قىيامدا تۇرۇش

**پەزىلىتى:** غەپلەتتىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئون ئايەت ئوقۇپ قىيامدا تۇرسا ، غەپلەتتە قالغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلمايدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1398) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

## ئىككىنچى پەسىل

## ئۆلۈمدىن كېيىنكى ياقتۇرۇلمايدىغان

## نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى روياپقا

## چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

17 غەنىمەت

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 113

### 1- تەقۋادارلىق ۋە ئەمەللەرنى تۈزەش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش ، قورقماسلىق ۋە غەم-قايغۇ يېمەسلىك

**دەلىلى:**

• ﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِى مَقَامٍ أَمِينٍ ۝٥١ فِى جَنَّـٰتٍ وَعُيُونٍ ۝٥٢ يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَـٰبِلِينَ ۝٥٣ كَذَٰلِكَ وَزَوَّجْنَـٰهُم بِحُورٍ عِينٍ ۝٥٤ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَـٰكِهَةٍ ءَامِنِينَ ۝٥٥ لَا يَذُوقُونَ فِيهَا ٱلْمَوْتَ إِلَّا ٱلْمَوْتَةَ ٱلْأُولَىٰ ۖ وَوَقَىٰهُمْ عَذَابَ ٱلْجَحِيمِ ۝٥٦ فَضْلًا مِّن رَّبِّكَ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ﴾ ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا ، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قېلىن ، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ .(ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىدۇق ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز .ئۇلار جەننەتتە (مەيدە ئىغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ .ئۇلار ئىلگىرىكى (يەنى دۇنيادىكى) ئۆلۈمدىن باشقا (جەننەتتە) ھېچقانداق ئۆلۈمنى تېتىمايدۇ ، ئاللاھ ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ .(بۇ) پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەرھەمەتىدىندۇر ، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ﴾ [دۇخان: 57-51]

• ﴿وَيُنَجِّى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ بِمَفَازَتِهِمْ لَا يَمَسُّهُمُ ٱلسُّوٓءُ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾ ﴿ئاللاھ (شېرىكتىن) ۋە گۇناھتىن ساقلانغۇچىلارنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يوللار ئارقىلىق (ئازابتىن) قۇتۇلدۇرىدۇ ، ئۇلارغا كۆڭۈلسىزلىك يەتمەيدۇ ، ئۇلار قايغۇرمايدۇ .﴾ [زۇمەر: 61]

• ﴿ثُمَّ نُنَجِّي ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّنَذَرُ ٱلظَّٰلِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا﴾ ﴿ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز.﴾ [مەريەم: 72]

• ﴿فَمَنِ ٱتَّقَىٰ وَأَصۡلَحَ فَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ﴾ ﴿تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ.﴾ [ئەئراف: 35]

• ﴿أَلَآ إِنَّ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ۝٦٢ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ﴾ ﴿راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش يوقتۇر، ئۇلار غەم-ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾ [يۇنۇس: 62-63]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 114

2- ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتۇش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش ۋە يۈزىنى دوزاختىن 70 يىللىق مۇساپە يىراقلاشتۇرۇش

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «روزا قالقاندۇر ۋە دوزاختىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغاندۇر» دېگەن. [ئەھمەد (9348) ۋە نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (2549) رىۋايەت قىلغان، سۈيۈتى ۋە ئەرنەئۇت سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن 70 يىللىق مۇساپە يىراقلاشتۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (1153) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 115

3- قىرىق كۈن جامائەت بىلەن تەكبىرى تەھرىمىگە ئۈلگۈرۈش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قىرىق كۈن ئاللاھ ئۈچۈن جامائەت بىلەن (تەكبىرى تەھرىمىگە) ئۈلگۈرۈپ ناماز ئوقۇسا ، ئۇنىڭغا ئىككى ئادا-جۇدالىق (ساقلىنىش) يېزىلىدۇ: دوزاختىن ئادا-جۇدا بولۇش(ساقلىنىش) ۋە مۇناپىقلىقتىن ئادا-جۇدا بولۇش(ساقلىنىش) » دېگەن. [تىرمىزى (241) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 116

4- پېشىن نامىزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ، كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش

پەزىلىتى: دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا -پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى- دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى پېشىن نامىزىدىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ، كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرسا ، دوزاخ ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1269) ، تىرمىزى (428) ، نەسائىي "سۇنەن كۇبرا"دا (1486) ۋە ئىبنى ماجە (1160) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 117

5- بىر خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىلىش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** • ئەدى ئىبنى هاتىم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [بۇخارى (1417) ۋە مۇسلىم (1016) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەدى ئىبنى هاتىم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «سىلەردىن كىمكى دوزاختىن بىر خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ ساقلىنالىسا (شۇنداق قىلسۇن)» دېگەن. [بۇخارى (6539) ۋە مۇسلىم (1016) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 118

6- ئاللاھ يولىدا پۇتلىرىنىڭ توپىغا مىلىنىشى ۋە توپا-چاڭغا مىلىنىش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:**

• ئەبۇ ئەبس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «كىمنىڭ پۇتلىرى ئاللاھ يولىدا توپىغا مىلەنسە ، ئۇ ئىككى پۇت دوزاخقا هارام بولىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (1632) رىۋايەت قىلغان ، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە ئالبانى سەهىه دېگەن.]

• ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبىگە ئاللاھ يولىدىكى توپا-چاڭ ئارىلاشسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئەھمەد (25187) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇرنىدا ئاللاھ يولىدىكى توپا-چاڭ بىلەن دوزاخنىڭ تۈتۈنى مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (4306) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

☑

○

غەنىمەت 119

7- ئاللاھنى زىكىر قىلىش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىنسان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ئەمەل قىلالمايدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (22504) رىۋايەت قىلغان، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

☑

○

غەنىمەت 120

8- قىز پەرزەنتلەرگە سەۋر قىلىش، ئۇلارنى يېدۈرۈش، ئىچۈرۈش، كىيىندۈرۈش ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:**

- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمگە قىز پەرزەنتلەر بېرىلسە ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ئۇ قىزلار ئۇنىڭغا دوزاختىن پەردە بولىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2629) ۋە بۇخارى (1418) رىۋايەت قىلغان.]
- ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلارغا سەۋر قىلسا، ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى يېدۈرسە، ئىچۈرسە ۋە كىيىندۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ قىزلار ئۇنىڭغا دوزاختىن توسالغۇ بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئىبنى ماجە (3669) ۋە ئەھمەد (17675) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 121

9- ئاللاھ قورقۇسىدىن يىغلاش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سۈت يېلىنغا قايتمىغۇچە، ئاللاھ قورقۇسىدىن يىغلىغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (4301) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

- ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى خىل كۆزگە دوزاخ مەڭگۈ تەگمەيدۇ: ئاللاھ قورقۇسىدىن يىغلىغان كۆز...» دېگەن. [ئەبۇ يەئلا "مۇسنەد"تە (4346) رىۋايەت قىلغان، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 122

10- يۇمشاق ، مۇلايىم ۋە (كىشلەرگە) يېقىن بولۇش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى يۇمشاق ، مۇلايىم ۋە (كىشلەرگە) يېقىن بولسا ، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا ھارام قىلىدۇ» دېگەن. [ھاكىم "مۇستەدرەك"تە (434) رىۋايەت قىلغان ، سۈيۈتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 123

11- مۇسۇلماننى غەيۋەتتىن قوغداش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قېرىندىشىنى يوق يېرىدە غەيۋەتتىن قوغدىسا ، ئۇنى دوزاختىن ئازاد قىلىش ئاللاھنىڭ ئۈستىگە ھەق بولىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (28257) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 124

12- ئاللاھ يولىدا قاراۋۇللۇق قىلىش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئىككى خىل كۆزگە دوزاخ تەگمەيدۇ: ئاللاھ قورقۇسىدىن يىغلىغان كۆز ۋە ئاللاھ يولىدا قاراۋۇللۇق قىلىپ تۈنىگەن كۆز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تىرمىزى (1639) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى
✓
○

## غەنىمەت 125

13- رامىزاننىڭ ھەر كېچە- كۈندۈزدە ئەمەل قىلىش

**پەزىلىتى:** دوزاختىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ ھەر كېچە- كۈندۈزدە دوزاختىن ئازاد قىلىدىغانلىرى بار» دېگەن (يەنى رامىزاندا).

[ئەھمەد (7567) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى
✓
○

## غەنىمەت 126

14- ئاچچىقنى بېسىۋېلىش

**پەزىلىتى:** ئازابتىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئازابىنى توسىدۇ» دېگەن. [زىيائۇل مەقدىسى "مۇختارە"دا (2066) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى
✓
○

## غەنىمەت 127

15- دوزاختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلەش

**پەزىلىتى:** دوزاخنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىدىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىشى

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى دوزاختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دوزاخ: 'ئى ئاللاھ! ئۇنى دوزاختىن ساقلىغىن' دەيدۇ» دېگەن.

[تىرمىزى (2572)، نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (7907)، ئىبنى ماجە (4340) ۋە ئەھمەد (12353) رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان (1034)، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 128

16- ئاللاھ يولدا چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكى قىلىپ ۋاپات بولۇش

**پەزىلىتى:** قەبرە پىتنىسىدىن ئامان بولۇش

**دەلىلى:** • فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەمەلى توختايدۇ، پەقەت ئاللاھ يولدا چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكى قىلىپ ۋاپات بولغان كىشىلا قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەلى داۋاملىشىدۇ ۋە قەبرە پىتنىسىدىن ئامان بولىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (2500)، تىرمىزى (1621) ۋە ئەھمەد (24584) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەگەر (چېگرا مۇھاپىزەتچىسى) ۋاپات بولسا، قىلىپ كەلگەن ئەمەلى داۋاملىشىدۇ، رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ۋە قەبرە پەرىشتىلىرىدىن ئامان بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (1913) رىۋايەت قىلغان.]

• سالمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئاللاھ يولدا چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكىدە ۋاپات بولسا، قەبرە پىتنىسىدىن ساقلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تىرمىزى (1665) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 129

17- مۇسۇلماننىڭ قىينىچىلىقىنى ھەل قىلىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈننىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنىڭ ھەل قىلىنىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قىيامەت كۈندىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن.

[بۇخارى (2442) ۋە مۇسلىم (2580) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى مۇسلىمنىڭ).]

# ئۈچىنچى پەسىل

# دۇنيادىكى ياقتۇرۇلمايدىغان

# نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىنى رويابقا

# چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

**21 غەنىمەت**

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 130

1- ئۆيدىن چىققاندا "بسم الله توكلت على الله لا حول ولا قوة إلاّ بالله" دەپ دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ قوغدىشى ۋە مۇھىم ئىشلاردا كۇپايە قىلىشى

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشى ئۆيدىن چىققاندا "بسم الله توكلت على الله لا حول ولا قوة إلاّ بالله" ' ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (چىقىمەن)، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم ، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ-قۇدرەت يوقتۇر' دېسە ، ئۇنىڭغا: 'توغرا يولغا باشلاندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ ۋە قوغدالدىڭ' دېيىلىدۇ. شەيتانلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. باشقا بىر شەيتان: 'توغرا يولغا باشلانغان، كۇپايە قىلىنغان ۋە قوغدالغان كىشىنى قانداقمۇ ئازدۇرالايسەن؟' دەيدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (5095) ۋە نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (9837) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 131

2- ئەتىگەن-ئاخشامدا ئىخلاس ۋە مۇئەۋۋىزەتەيىن سۈرىلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ قوغدىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەتىگەن-ئاخشامدا ئىخلاس ۋە مۇئەۋۋىزەتەيىن (فەلەق ۋە ناس) سۈرىلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇساڭ، ھەر نەرسىدىن ساڭا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (5082) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 132

3- ئەتىگەن-ئاخشامدا " بِسْمِ اللهِ الَّذِي لا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلا فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ العَلِيمُ " نى ئۈچ قېتىم ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ قوغدىشى

**دەلىلى:** ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە ھەر كېچە ئاخشامدا " بِسْمِ اللهِ الَّذِي لا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلا فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيعُ العَلِيمُ " 'نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئاسمان-زېمىندىكى ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ، ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ' دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3388)، نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (10106) ۋە ئىبنى ماجە (3869) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 133

4- ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ قوغدىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئايەتۇل كۇرسى ﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ﴾ نى ئوقۇغىن، چۈنكى ساڭا ئاللاھتىن بىر قوغدىغۇچى ھەمراھ بولىدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ» دېگەن.

[بۇخارى (2311) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

# غەنىمەت 134

5- غەم-قايغۇ ۋاقتىدا " اللهم إني عبدك وابن عبدك..." دېيىش

**پەزىلىتى:** غەم-قايغۇنىڭ كېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ خۇشاللىققا ئايلىنىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمگە غەم-قايغۇ يەتسە: "اللهم إني عبدك وابن عبدك وابن امتك ناصيتي بيدك ماض في حكمك عدل في قضاؤك، أسألك بكل اسم هو لك سميت به نفسك، أو علمته أحدا من خلقك، أو أنزلته في كتابك، او استأثرت به في علم الغيب عندك أن تجعل القرآن ربيع قلبي ونور صدري وجلاء حزني وذهاب همي" 'ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇللىرى، قۇللىرىنىڭ ئوغلى ، دېدەكلىرىنىڭ ئوغلىمەن. چۇلۇۋۇرۇم سېنىڭ قوللىرىدا ، ھۆكۈملىرى مەندە يۈرگۈزىلىدۇ ، قازالىرى ماڭا ئادىل. ئۆزلىرىنى ئاتىغان ، ياكى مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەرسىگە ئۆگەتكەن ، ياكى كىتابلىرىدا چۈشۈرگەن ، ياكى غەيب ئىلملىرىدە ساقلىغان ھەر بىر ئىسملىرى بىلەن ، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى ، كۆكسۈمنىڭ نۇرى ، غېمىمنىڭ كەتكۈزگۈچىسى ۋە قايغۇمنىڭ يوقاتقۇچىسى قىلىشلىرىنى سورايمەن' دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭ غەم-قايغۇسىنى كەتكۈزۈپ ، ئورنىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ». ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ئۆگىنىۋالامدۇق؟» دەپ سورىغاندا ، «ھەئە ، بۇنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئۆگىنىۋېلىشى زۆرۈر.» دېگەن. [ئەھمەد (3788) ۋە ئىبنى ھىببان (972) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى ئەھمەدنىڭ) ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 135

6- بامدات نامىزىدىن كېيىن ئولتۇرغان ھالىتىدە گەپ قىلماي تۇرۇپ 10 قېتىم " لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْئٍ قَدِير " دېيىش

**پەزىلىتى:** شۇ كۈنى ھەر تۈرلۈك يامان نەرسىلەردىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئولتۇرغان ھالىتىدە گەپ قىلماي تۇرۇپ: " لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْئٍ قَدِير " 'يەككە-يېگانە ، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر' دېگەن سۆزنى ئون قېتىم ئېيتسا ، ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ ، ئون يامانلىقى ئۆچۈرۈلىدۇ ، ئون دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە شۇ كۈنى ھەر تۈرلۈك يامان نەرسىلەردىن ساقلىنىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3474) ۋە نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (9878) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 136

7- ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش

**پەزىلىتى:** مۇھىم ئىشلاردا كۇپايە قىلىنىش

**دەلىلى:** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓۚ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا ، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ﴾ [تالاق: 3]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 137

8- بالا-قازاغا يولۇققان كىشىنى كۆرگەندە "الحمدُ للهِ الذي عافاني مما ابتلاهُ به، و فضَّلني على كثيرٍ ممن خلق تفضيلا" دېيىش

پەزىلىتى: شۇ بالا-قازادىن ساقلىنىش

دەلىلى: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بالا-قازاغا يولۇققان كىشىنى كۆرۈپ "الحمدُ للهِ الذي عافاني مما ابتلاهُ به، و فضَّلني على كثيرٍ ممن خلق تفضيلا" 'مېنى بۇ كىشىگە يەتكەن بالا-قازادىن ساقلىغان ۋە كۆپلىگەن مەخلۇقاتلىرىدىن ئارتۇق قىلغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن' دېسە، ئۇ بالا-قازا مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3431) ۋە ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى (13) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى تەيالىسىنىڭ)، ئىبنۇل قەييىم ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 138

9- دۇئادا گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان دۇئالارنى قىلىش

**پەزىلىتى:** مۇھىم ئىشلاردا كۇپايە قىلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداقلا بىر مۇسۇلمان دۇئادا گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان دۇئالارنى قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا دۇئاسى دەرھال ئىجابەت قىلىنىدۇ، يا ئاخىرەتكە ساقلاپ قويۇلىدۇ، ياكى شۇنچىلىك يامانلىق ئۇنىڭدىن قايتۇرۇلىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئۇنداقتا كۆپ دۇئا قىلىمىز» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تېخىمۇ كۆپ (بېرىدۇ)» دېگەن. [ئەھمەد (11302) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 139

10- (داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇئەييەن)دۇئانىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىش

**پەزىلىتى:** گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن (داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇئەييەن) دۇئايىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىدا سىلىگە دۇرۇت ئېيتىمەن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا غەم-قايغۇڭ كۇپايە قىلىنىدۇ ۋە گۇناھىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (2457) رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 140

11- ئەتىگەن-كەچتە 7 قېتىم "حَسْبِيَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ، عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ، وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ" دېيىش

**پەزىلىتى:** مۇھىم ئىشلاردا كۇپايە قىلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «كىمكى ئەتىگەن-كەچتە "حَسْبِيَ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ، عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ، وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ" 'ماڭا ئاللاھ كۇپايە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ رەببىدۇر' دېگەن سۆزنى يەتتە قېتىم ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (5081) رىۋايەت قىلغان، ئەرنەئۇت سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 141

12- بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئۆيدە ئۈچ كېچە ئوقۇش

**پەزىلىتى:** مۆھىم ئىشلاردا كۆپايە قىلىنىش ۋە شەيتاننىڭ ئۆيگە يېقىن كېلەلمەسلىكى

**دەلىلى:** • ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ ئىككى ئايەتنى كېچىدە ئوقۇسا ، ئۇ ئىككى ئايەت ئۇنىڭغا كۆپايە قىلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (808) رىۋايەت قىلغان.]

• نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بىر كىتاب يازغان ، ئۇنىڭدىن ئىككى ئايەتنى چۈشۈرۈپ بەقەرە سۈرىسىنى شۇ ئىككى ئايەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇ ئىككى ئايەت قايسى ئۆيدە ئۈچ كېچە ئوقۇلسا ، شەيتان ئۇ ئۆيگە يېقىن كېلەلمەيدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3136) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 142

13- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** قىينىچىلىقتىن قۇتۇلۇش ۋە دۈشمەننىڭ ھىيلىسىدىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** • ﴿وَنَجَّيۡنَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ﴾ ﴿ ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە تەقۋادارلارنى قۇتقۇزدۇق .﴾ [فۇسسىلەت: 18]

• ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مَخۡرَجٗا﴾ ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن ، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾ [تالاق: 2]

• ﴿وَإِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا يَضُرُّكُمۡ كَيۡدُهُمۡ شَيۡـًٔا﴾ ﴿ ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا ، ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار ، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ﴾ [ئال ئىمران: 120]

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 143

14- ئىستىغفارنى داۋاملاشتۇرۇش

**پەزىلىتى:** قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىستىغفارنى داۋاملاشتۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى، ھەر غەم-قايغۇدىن قۇتۇلۇش يولى بېرىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1513)، نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (10217) ۋە ئىبنى ماجە (3819) رىۋايەت قىلغان، ئابدۇلھەق ئىشبىلى ۋە ئىبنى باز سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 144

15- چاشگاھ نامىزنى تۆت رەكئەت ئوقۇش

**پەزىلىتى:** كۈننىڭ ئاخىرىدا كۇپايە قىلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا ۋە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەبارەكە ۋە تائالادىن رىۋايەت قىلىپ: «ئى ئادەم بالىسى! كۈننىڭ بېشىدا مەن ئۈچۈن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، كۈننىڭ قالغىنىدا مەن ساڭا كۇپايە قىلىمەن» دېگەن. [تىرمىزى (475) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 145

16- ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئارقىمۇئارقا قىلىش

**پەزىلىتى:** نامراتلىقنىڭ يوقىلىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئارقىمۇئارقا قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ئىككىسى كۆرۈك تۆمۈر، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ دېتىنى يوقاتقاندەك، نامراتلىق ۋە گۇناھلارنى يوقىتىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (3743)، تىرمىزى (810) ۋە نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (3597) رىۋايەت قىلغان، ئەھمەد شاكىر سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 146

17- سەۋر قىلىش (چىدامىلىق بولۇش)

**پەزىلىتى:** دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىدىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ﴿وَإِن تَصۡبِرُواْ وَتَتَّقُواْ لَا يَضُرُّكُمۡ كَيۡدُهُمۡ شَيۡـًٔاۗ﴾ ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ﴿ [ئال ئىمران: 120]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 147

18- بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** سېھىرگەرلەردىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇنى ئوقۇش بەرىكەت، ئۇنى تەرك ئېتىش ھەسرەت، سېھىرگەرلەر ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (804) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 148

19- چۈشتە ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرگەندە: سول تەرەپكە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈش ياكى پۈۋلەش ، شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلەش ۋە ياتقان تەرىپىنى ئۆزگەرتىش

**پەزىلىتى:** يامان چۈشلەردىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى (چۈشىدە) كۆرسە ، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم پۈۋلىسۇن ۋە شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن ، شۇنداق قىلسا ئۇ چۈش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6995) ۋە مۇسلىم (2261) رىۋايەت قىلغان.]

• جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان چۈشنى كۆرسە ، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن ، شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسۇن ۋە ياتقان تەرىپىنى ئۆزگەرتسۇن» دېگەن. [بۇخارى (7005) ۋە مۇسلىم (2262) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى مۇسلىمنىڭ).]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 149

20- چۆچۈپ ئويغانغاندا "أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ" دېيىش

**پەزىلىتى:** يامان چۈشلەردىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇخلاۋاتقاندا چۆچۈپ ئويغانسا: "أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ" 'ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، ئازابىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن' دېسۇن، شۇنداق قىلسا ئۇ چۈش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۇنەنن كۇبرا"دا (10533)، ئەبۇ داۋۇد (3893) ۋە تىرمىزى (3528) رىۋايەت قىلغان، مۇنزىرى: سەھىھ ياكى ھەسەن ياكى شۇنىڭغا يېقىن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 150

21- كەھف سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئون ئايىتىنى يادلاش

**پەزىلىتى:** دەججالدىن ساقلىنىش

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى كەھف سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئون ئايەتنى يادلىسا، دەججالدىن ساقلىنىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (809) رىۋايەت قىلغان.]

# ئۈچىنچى باب

## دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

### 210 غەنىمەت

بۇ باب ئالتە پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى پەسىل: دىنىدا تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر (5)

ئىككىنچى پەسىل: ئەمەلدە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر (14)

ئۈچىنچى پەسىل: ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر (146)

تۆتىنچى پەسىل: نەپسىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان غەنىمەتلەر (31)

بەشىنچى پەسىل: دۇنيادىكى مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان غەنىمەتلەر (10)

ئالتىنچى پەسىل: ئەتراپىڭدىكىلەردىن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان غەنىمەتلەر (4)

# بىرىنچى پەسىل

## دىنىدا تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى رويابقا

## چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

5 غەنىمەت

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 151

1- ئاللاھقا قارىتا ياخشى ئويدا بولۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ بەندىسىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا: 'مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان ئويىدىكىدەكمەن' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (7405) ۋە مۇسلىم (2675) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 152

2- بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى

**پەزىلىتى:** دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشى

**دەلىلى:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بامداتنىڭ ئىككى رەكئىتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر» دېگەن. [مۇسلىم (725) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 153

3- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت، نۇر ۋە تەۋپىق، شۇنداقلا ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەلگە (ياخشى يولغا) يېتەكلەش

**دەلىلى:** • ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَتَّقُواْ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّكُمۡ فُرۡقَانًا﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئۇ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ﴾ [ئەنفال: 29]

• ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَءَامِنُواْ بِرَسُولِهِۦ يُؤۡتِكُمۡ كِفۡلَيۡنِ مِن رَّحۡمَتِهِۦ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ نُورٗا تَمۡشُونَ بِهِۦ﴾ ﴿ ئى (ئىيساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار ، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ ، سىلەرگە سىلەر ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ. ﴾ [ھەدىد: 28]

• ﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ۝٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ﴾ ﴿ (يول . مىلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان ، تەقۋادارلىق قىلغان ، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك ، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز .﴾ [لەيل: 5-7]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 154

4- سەدىقە

**پەزىلىتى:** ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەلگە (ياخشى يولغا) يېتەكلەش

**دەلىلى:** ﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ۝٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ﴾ ﴿(يول . مىلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان ، تەقۋادارلىق قىلغان ، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك ، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز ﴾ [لەيل: 5-7]

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 155

5- ئۆيدىن چىققاندا "بسم الله توكلت على الله لا حول ولا قوة إلاّ بالله" دەپ دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ رازى بولىدىغان ئەمەلگە يېتەكلىنىش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشى ئۆيىدىن چىققاندا "بسم الله توكلت على الله لا حول ولا قوة إلاّ بالله" ' ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (چىقىمەن)، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ-قۇدرەت يوقتۇر' دېسە، ئۇنىڭغا: 'توغرا يولغا باشلاندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ ۋە قوغدالدىڭ' دېيىلىدۇ. شەيتانلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. باشقا بىر شەيتان: 'توغرا يولغا باشلانغان، كۇپايە قىلىنغان ۋە قوغدالغان كىشىنى قانداقمۇ ئازدۇرالايسەن؟' دەيدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (5095) ۋە نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (9837) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

# ئىككىنجى پەسل

## ئەمەلدە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا

## چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

**14غەنىمەت**

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 156

1- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىندۇر ، ئەمەلنىڭ تۈزىلىشى ۋە قوبۇل بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر

**دەلىلى:** • ﴿وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقْوَىٰ﴾ (ھەج ئۈچۈن) ئوزۇق ئېلىۋېلىڭلار ، ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋادارلىقتۇر ﴾ [بەقەرە: 197]

• ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوْلًا سَدِيدًا ۝٧٠ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَٰلَكُمْ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ ﴾ [ئەھزاب: 70-71]

• ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلاردىن قوبۇل قىلىدۇ ﴾ [مائىدە: 27]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 157- 160

2-5 - مۇسۇلماننى خۇشاللىقا چۈمدۈرۈش ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ، قەرزنى ئادا قىلىش ۋە ئاچلىقتىن تويدۇرۇش

پەزىلىتى: ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىندۇر

دەلىلى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر: بىر مۇسۇلماننى خۇشاللىقا چۈمدۈرۈش ياكى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ياكى قەرزنى ئادا قىلىش ياكى ئاچلىقتىن تويدۇرۇشتۇر» دېگەن. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (13646) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 161

6- زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەل

**پەزىلىتى:** ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىن

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا بۇ كۈنلەردە (يەنى زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنى) قىلىنغان ياخشى ئەمەلدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك ( ئەمەل قىلىنىدىغان باشقا ) كۈنلەر يوقتۇر» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (2438) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 162

7- قۇربان ھېيت كۈنى قۇربانلىق قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىن

**دەلىلى:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇربان ھېيت كۈنى ئىنسان قىلىدىغان ئەمەللەر ئىچىدە ئاللاھقا قۇربانلىق قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك ئەمەل يوقتۇر. قۇربانلىق قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلىرى، يۇڭلىرى ۋە تۇياقلىرى بىلەن كېلىدۇ. قۇربانلىقنىڭ قېنى يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولىدۇ. شۇڭا قۇربانلىق قىلىشقا خۇشال بولۇڭلار» دېگەن. [تىرمىزى (1493) رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن دېگەن، سۇيۇتى ۋە ئىبنى ھەجەرمۇ ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 163

8- "سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر" دېيىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەردىن

**دەلىلى:** سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان سۆز تۆت: سبحان الله(ئاللاھ پاكتۇر) والحمد لله(بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر) ولا إله إلا الله(بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر) والله أكبر(ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر). قايسىسىدىن باشلىساڭ زىيىنى يوق» دېگەن. [مۇسلىم (2137) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 164

9- "سبحان الله وبحمده" دېيىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەردىن

**دەلىلى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ساڭا ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان سۆزنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان سۆز "سبحان الله وبحمده" ' ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن' دۇر» دېگەن. [مۇسلىم (2731) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 165

10- "سبحان الله العظيم سبحان الله وبحمده" دېيىش

**پەزىلىتى:** مېھرىبان ئاللاھقا سۆيۈملۈك سۆزلەر

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تىلغا يېنىك، مىزاندا ئېغىر، مېھرىبان ئاللاھقا سۆيۈملۈك ئىككى سۆز: "سبحان الله العظيم سبحان الله وبحمده" ' ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىدىن پاكتۇر، ئاللاھنى پاك دەپ ئېتقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن '. » دېگەن. [بۇخارى (6406) ۋە مۇسلىم (2694) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 166

11- كېچىدە ئويغانغاندا "لا إله إلا الله وحده لا شريك له ..." دېيىش، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** نامازنىڭ قوبۇل بولۇشى

**دەلىلى:** ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى كېچىدە ئويغىنىپ ' لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ ' (يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر،

بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر ، ئاللاھ پاكتۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر, ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ-قۇدرەت يوقتۇر ) دېسە ، ئاندىن 'اللهم اغفرلي' (ئى ئاللاھ ، مىنى مەغفىرەت قىلسىلا!) دېسە ياكى دۇئا قىلسا ، ئىجابەت قىلىنىدۇ. ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا ، نامىزى قوبۇل بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (1154) رىۋايەت قىلغان. ]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 167

12- ئائىلىگە قىلغان خىراجەتنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىش

**پەزىلىتى:** سەدىقە ھېسابلىنىشى

**دەلىلى:** ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇسۇلمان كىشى ئائىلىسىگە سەرپ قىلغان خىراجەتنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلسا ، ئۇ ئۇنىڭغا سەدىقە بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (5351) ۋە مۇسلىم (1002) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 168

13- پىشىندىن بۇرۇن قۇياش قايرىلغاندىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئاسمان دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىلىشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇياش قايرىلغاندىن كېيىن پىشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى ،

ۋە: «بۇ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدىغان ۋاقىتتۇر، مەن بۇ ۋاقىتتا ياخشى ئەمەلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن. [تىرمىزى (478) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 169

14- ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىمدىن "سبحان الله والحمد لله والله أكبر" دېيىش

**پەزىلىتى:** ئالدىنقىلارغا يېتىشىش ۋە كېيىنكىلەردىن ئېشىپ كېتىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: كەمبەغەللەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «باي-بايۋەتچىلەر يۇقىرى دەرىجىلەرگە ۋە مەڭگۈلۈك نېمەتلەرگە ئېرىشتى، ئۇلار بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ. ئۇلار يەنە ماللىرى بىلەن ھەج ۋە ئۆمرە قىلالايدۇ، جىھاد قىلىدۇ ۋە سەدىقە قىلىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئەگەر شۇنى قىلساڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە يېتىشىسىلەر، سىلەردىن كېيىنكىلەر سىلەرگە يېتەلمەيدۇ، سىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولىسىلەر، پەقەت شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەل قىلغان كىشىلا سىلەرگە يېتەلەيدۇ. ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىمدىن تەسبىھ، ھەمد ۋە تەكبىر ئېيتىسىلەر» دېدى. بىز ئۆز-ئارا ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىپ، بەزىلىرىمىز: 33 قېتىم تەسبىھ، 33 قېتىم ھەمد، 34 قېتىم تەكبىر ئېيتىمىز دېدۇق. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسەم، ئۇ: «سبحان الله(ئاللاھ پاكتۇر) والحمد لله(بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر) والله أكبر(ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر)» نى 33 قېتىمدىن دەيسىلەر» دېدى. [بۇخارى (843) ۋە مۇسلىم (595) رىۋايەت قىلغان.]

# ئۈچىنجى پەسىل

## ئاخىرەتتە تەلەپ قىلىنغان نەرسىلەرنى روياپقا

## چىقىرىدىغان غەنىمەتلەر

**146 غەنىمەت**

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 170

1- ئاللاھنى زىكىر قىلىش

**پەزىلىتى:** دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان ئەڭ ئالىي ئەمەل ، ئاللاھ يولىدىكى جىھادتىنمۇ ياخشى ، ئالتۇن-كۈمۈش سەرپ قىلىشتىنمۇ ياخشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ، پادىشاھىڭلارنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ پاكىزىسىنى ، دەرىجىلىرىڭلارنى ئەڭ كۆتۈرىدىغىنىنى ، سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش سەرپ قىلىشتىنمۇ ياخشىراق ، دۈشمىنىڭلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ بويىنىنى چېپىش ۋە ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ بويۇنۇڭلارنى چېپىشىدىنمۇ ياخشىراق بولغان ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «شۇنداق قىلسىلا» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىش» دېدى. [تىرمىزى (3377) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 171

2- بازارغا كىرگەندە « لَا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ...» دېيىش

**پەزىلىتى:** بىر مىليون ياخشىلىق ۋە جەننەتتە بىر ئۆي

**دەلىلى:** ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بازاردا ' لَا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ

وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ" 'يەككە-يېگانە ، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇ مەڭگۈ ھايات ، ئۆلمەيدۇ ، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر' دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر مىليون ياخشىلىق يازىدۇ، بىر مىليون يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ ۋە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3429) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 172

3- بامدات نامىزىدىن كېيىن ، ئولتۇرغان ھالەتتە سۆز قىلماستىن «لَا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ...» نى 10 قېتىم دېيىش

**پەزىلىتى:** 10 دەرىجە كۆتۈرۈلۈش ۋە 10 ياخشىلىق

**دەلىلى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئولتۇرغان ھالەتتە سۆز قىلماستىن "لَا إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ" 'يەككە-يېگانە ، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر' نى 10 قېتىم دېسە ، ئۇنىڭغا 10 ياخشىلىق يېزىلىدۇ ، 10 يامانلىقى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە 10 دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (9878) ۋە تىرمىزى (3474) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى تىرمىزىنىڭ)، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

## غەنىمەت 173

### 4- ئۆيدە پاكلىنىش ۋە پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسجىدكە كۆپ قەدەم تاشلاش

**پەزىلىتى:** جەننەتتىكى دەرىجىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، جەننەتتە ئۆي ۋە ھەجىنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيىن شارائىتتا تولۇق تاھارەت ئېلىش ۋە مەسجىدلەرگە كۆپ قەدەم تاشلاش» دېدى. [مۇسلىم (251) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئۆيدە پاكلىنىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە (مەسجىدكە) ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ماڭسا، ئۇنىڭ ھەر ئىككى قەدىمى: بىرى گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ، يەنە بىرى دەرىجىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (666) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى بازار ۋە ئۆيدە يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن يىگىرمە نەچچە دەرىجە ئارتۇقتۇر. چۈنكى ئۇ كىشى تاھارەتنى كامىل ئالسا،

ئاندىن مەسجىدكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە، نامازدىن باشقا نەرسە ئۈچۈن كەلمىسە، باسقان ھەر بىر قەدىمى بىلەن بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (2119) ۋە مۇسلىم (666) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى بۇخارىنىڭ).]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئەتىگەن-كەچتە مەسجىدكە بارسا، ھەر قېتىم بارغاندا ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتىن تۇرالغۇ تەييارلايدۇ» دېگەن. [بۇخارى (662) ۋە مۇسلىم (669) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى پاك ھالەتتە پەرز نامازغا ماڭسا، ئۇنىڭغا ئېھرام باغلىغان ھاجىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (22735) ۋە ئەبۇ داۋۇد (558) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 174

5- نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈش (ناماز ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان بولسا)

**پەزىلىتى:** دەرىجىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە نامازنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيىن شارائىتتا تولۇق تاھارەت ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ قەدەم تاشلاش ۋە نامازدىن

كىيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈش ، مانا بۇ چېگرا مۇھاپىزەتچىلىكىدۇر» دېدى. [مۇسلىم (251) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەردىن بىرىڭلار ناماز ئۈنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىلا ، نامازدا بولغان ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (659) ۋە مۇسلىم (649) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 175

### 6- قىيىن شارائىتتا تولۇق تاھارەت ئېلىش

**پەزىلىتى:** دەرىجىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن سىلەرگە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ۋە دەرىجىلەرنى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «ھەئە ، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيىن شارائىتتا تولۇق تاھارەت ئېلىش» دېدى. [مۇسلىم (251) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 176

### 7- ئاللاھقا كۆپ سەجدە قىلىش

پەزىلىتى: جەننەتتىكى دەرىجىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇش

دەلىلى: • سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ماڭا ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسىلە» دېگەندە ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئاللاھقا كۆپ سەجدە قىلغىن، چۈنكى سەن ئاللاھقا بىر سەجدە قىلساڭ، ئاللاھ سېنىڭ بىر دەرىجەڭنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (488) رىۋايەت قىلغان.]

• رەبىيئە ئىبنى كەئب ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تۈنەيتتىم. ئۇنىڭغا تاھارەت سۈيى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتىم. بىر كۈنى ماڭا: 'تىلىگىنىڭنى تىلە' دېدى. مەن: 'جەننەتتە سىلى بىلەن بىللە بولۇشنى تىلەيمەن' دېدىم. ئۇ: 'باشقا نەرسە ئەمەسمۇ؟' دېدى. مەن: 'مۇشۇ شۇ' دېدىم. ئۇ: 'ئۇنداقتا ماڭا ئۆزۈڭگە كۆپ سەجدە قىلىش ئارقىلىق ياردەم قىلغىن' دېدى» دېگەن. [مۇسلىم (489) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 177

8- پەرزەنتنىڭ مەغپىرەت تىلىشى

**پەزىلىتى:** جەننەتتىكى دەرىجىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە جەننەتتە سالىھ بەندىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ: 'ئى رەببىم! بۇ دەرىجە ماڭا قانداق كەلدى؟' دەيدۇ. ئاللاھ: 'پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا مەغپىرەت تىلىشى بىلەن' دەيدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (10760) رىۋايەت قىلغان، ئىبنى كەسىر ۋە شەۋكانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 178 -181

9-12- شۇملىنىش ، دەم سالدۇرۇش ۋە داغلاپ داۋالىنىشنى قىلماسلىق ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش

**پەزىلىتى:** ھېسابسىز جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «ماڭا ئۈممەتلەر كۆرسىتىلدى... مەن ئۇپۇقنى توسۇپ كەتكەن نۇرغۇن قارا كۆلەڭگىنى كۆردۈم... ماڭا: 'بۇلار سېنىڭ ئۈممىتىڭ ، ئۇلار بىلەن بىرگە 70 مىڭ كىشى ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدۇ' دېيىلدى. » پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇلار شۇملانمايدىغان ، دەم سالدۇرمايدىغان ، داغلاپ داۋا قىلمايدىغان ۋە رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر » دىدى.

[بۇخارى (5752) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 182

13- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش

**پەزىلىتى:** پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇش

**دەلىلى:** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەن ياخشى كۆرگەن كىشىڭ بىلەن بىللە بولىسەن» دىگەن. [بۇخارى (3688) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 183

14- قىزلار ۋە ھەمشىرىلەرنى تۈرمۈشقا چىققۇچە ياكى ئۆزى ۋاپات بولغۇچە بېقىش

**پەزىلىتى:** پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىككى ياكى ئۈچ قىزنى، ياكى ئىككى ياكى ئۈچ ھەمشىرىنى تۈرمۈشقا چىققۇچە ياكى ئۆزى ۋاپات بولغۇچە باقسا، مەن بىلەن ئۇ جەننەتتە مۇشۇ ئىككىسىدەك بولىمىز» دەپ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسەتتى. [ئىبنى ھىببان (447) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 184

15- يېتىمنى بېقىش

**پەزىلىتى:** پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جەننەتتە بىللە بولۇش

**دەلىلى:** سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن بىلەن يېتىمنى باققۇچى جەننەتتە مۇشۇنداق بولىمىز» دەپ، كۆرسەتكۈچ بىلەن ئوتتۇرا بارمىقنى كۆرسەتتى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى بىرئاز ئاچتى.

[بۇخارى (5304) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 185

16- كامىل تاھارەت ئېلىپ ، ئاندىن قەلبى ۋە يۈزى بىلەن يۈزلىنىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** جەننەت ۋاجىپ بولۇش ۋە جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** • ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق بىر مۇسۇلمان كامىل تاھارەت ئالسا ، ئاندىن تۇرۇپ قەلبى ۋە يۈزى بىلەن يۈزلىنىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا ، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (234) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزى ۋاقتىدا بىلالغا: «ئى بىلال! ئىسلامدا قىلغان ئەمەللىرىڭدىن ئەڭ ئۈمىد قىلغان ئەمىلىڭنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن ، چۈنكى مەن جەننەتتە ئالدىمدا ئاياغ تىۋىشىڭنى ئاڭلىدىم» دېدى. بىلال: «مەن كېچە-كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقتىدا تاھارەت ئالسام ، شۇ تاھارەت بىلەن ماڭا پۈتۈلگەن نامازنى ئوقۇدۇم ، مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئۈمىدلىكرەك ئەمەل يوق» دېدى. [بۇخارى (1149) ۋە مۇسلىم (2458) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 186

17- قىسقا مۇددەت بولسىمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەت ۋاجىپ بولۇش ۋە جەننەتكە كىرىش

دەلىلى: • ﴿إِنَّ ٱللَّهَ ٱشۡتَرَىٰ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَنفُسَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلۡجَنَّةَۚ يُقَٰتِلُونَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيَقۡتُلُونَ وَيُقۡتَلُونَۖ وَعۡدًا عَلَيۡهِ حَقّٗا فِي ٱلتَّوۡرَىٰةِ وَٱلۡإِنجِيلِ وَٱلۡقُرۡءَانِۚ﴾ ﴿ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەت بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. (بۇ تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان ئاللاھنىڭ ھەق ۋەدىسىدۇر﴾ [تەۋبە:111]

• مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ يولىدا تۆگىنىڭ ئىككى سېغىم ئارىلىقىدەك ۋاقىت جىھاد قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (2541)، نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (4334)، تىرمىزى (1657) ۋە ئىبنى ماجە (2792) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر» دېگەن. [بۇخارى (2818) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 187

18- تىلنى ۋە ئەۋرەتنى ساقلاش

**پەزىلىتى:** جەننەت ۋاجىپ بولۇش

**دەلىلى:** سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ماڭا ئىككى

جاغنىڭ ئارىسىدىكى (تىل) ۋە ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى (ئەۋرەت)نى ساقلاشقا كېپىل بولسا ، مەن ئۇنىڭغا جەننەتكە كېپىل بولىمەن» دېگەن. [بۇخارى (6474) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 188

19- ئەتىگەندە "رضيتُ بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد نبيا" دېيىش

**پەزىلىتى:** جەننەت ۋاجىپ بولۇش

**دەلىلى:** مۇنەيزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئەتىگەندە "رضيتُ بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد نبيا" 'ئاللاھنى رەب ، ئىسلامنى دىن ۋە مۇھەممەدە ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ رازى بولدۇم' دېسە ، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگۈچە قولىدىن تۇتۇشقا كېپىل» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (838) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 189

20- جامائەتنى لازىم تۇتۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېرىشىش

**دەلىلى:** جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەردىن كىمكى جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېرىشىشنى ياخشى كۆرسە ، جامائەتنى لازىم قىلسۇن. چۈنكى شەيتان يالغۇز كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ ، ئۇ ئىككى كىشىدىن يىراقراق بولىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (179) رىۋايەت قىلغان ، ئەرنەئۇت سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئادادىسى

## غەنىمەت 190

21- كېسەل يوقلاش ياكى ئاللاھ يولدا مۇسۇلمان قېرىندىشىنى زىيارەت قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە ئۆي ، جەننەتتە باغچە ياكى جەننەتنىڭ مېۋىلىرى ۋە جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ كېسىلىنى يوقلىسا ياكى زىيارەت قىلسا ، ئاللاھ تەبارەكە ۋە تائالا: 'سەن ياخشى ئىش قىلدىڭ ، مېڭىشىڭمۇ ياخشى بولدى ، جەننەتتە بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتىڭ' دەيدۇ» دېگەن. [ئىبنى ھىببان (2961) سەھىھ دېگەن.]

• ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قانداق بىر مۇسۇلمان ئەتىگەندە يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ كېسىلىنى يوقلىسا ، كەچكىچە 70 مىڭ پەرىشتە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ. كەچتە يوقلىسا ، تاڭ ئاتقۇچە 70 مىڭ پەرىشتە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ ۋە جەننەتتە بىر باغچىسى بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تىرمىزى (969) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى كېسەل يوقلىسا ، جەننەتنىڭ خۇرفەسى ئىچىدە بولىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! جەننەتنىڭ خۇرفەسى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جەننەتنىڭ مېۋىلىرى» دېدى. [مۇسلىم (2568) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى قېرىندىشىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا زىيارەت قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل ئەۋسەت"تە (1743) ۋە "سەغىر"دە (118) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 191

### 22- ئاللاھ يولىدا دوستلىشىش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە ئۆي، جەننەتكە كىرىش ۋە قىيامەت كۈنى سايە بېرىلىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ يولىدا دوستلاشقانلارنىڭ جەننەتتىكى ھۇجرىلىرى شەرقتىن ياكى غەربتىن چىققان يۇلتۇزدەك كۆرۈنىدۇ. 'بۇلار كىملەر؟' دېيىلسە، 'بۇلار ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە يولىدا دوستلاشقانلار' دېيىلىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (12009) رىۋايەت قىلغان، سۇيۇتى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە (ھەقىقىي) ئىمان ئېيتالمايسىلەر. مەن سىلەرگە قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى يېيىڭلار» دېگەن. [مۇسلىم (54) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەتتە خىل كىشى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمايدىغان كۈندە ئاللاھنىڭ سايىسىدا بولىدۇ» دېگەن ھەدىستە: «ئاللاھ ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن ، شۇ ئاساستا بىر يەرگە كەلگەن ۋە شۇ ئاساستا ئايرىلغان ئىككى كىشى» دەپ كەلگەن. [بۇخارى (660) ۋە مۇسلىم (1031) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى: 'مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەر قېنى ؟ بۈگۈن مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە بولمىغان كۈندە ئۇلارنى ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن' دەيدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2566) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 192

23- گۈزەل ئەخلاق

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش ، قىيامەت كۈنى مىزاندا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە ۋە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستىدە بىر ئۆي

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە ھەققىدە سورالغاندا: «تەقۋادارلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق» دېگەن. [تىرمىزى (2004) رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى مۆمىننىڭ مىزانىدا

گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق» دېگەن. [تىرمىزى (2002) ۋە ئەبۇ داۋۇد (4799) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىگە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بىر ئۆيگە كېپىل» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (4800) رىۋايەت قىلغان، نەۋەۋى ۋە ئىبنۇل قەييىم سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ياداسى

## غەنىمەت 193

24- مۇسىبەت يەتكەندە ھەمدە ئېيتىش، "إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ اللَّهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا" دېيىش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە ئۆي ۋە ساۋاب

**دەلىلى:** • ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەندىنىڭ بالىسى ۋاپات بولسا، ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە: 'بەندەمنىڭ بالىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟' دەيدۇ. ئۇلار: 'ھەئە' دەيدۇ. ئاللاھ: 'يۈرىكىنىڭ مېۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟' دەيدۇ. ئۇلار: 'ھەئە' دەيدۇ. ئاللاھ: 'بەندەم نېمە دېدى؟' دەيدۇ. ئۇلار: 'سىلىگە ھەمدە ئېيتتى ۋە "إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ" (بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز) دېدى' دەيدۇ. ئاللاھ: 'بەندەمگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىڭلار ۋە ئۇنى ھەمد ئۆيى دەپ ئاتاڭلار' دەيدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (1021) رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن دېگەن.]

• ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قانداق بىر بەندىگە مۇسىبەت يېتىپ،

"إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ اللَّهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا " (بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى ئاللاھ! ماڭا كەلگەن بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگەيلا، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى تولۇقلاپ بەرگەيلا) دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇسىبىتىگە ئەجىر بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (918) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 194

25- چاقچاق قىلغاندىمۇ يالغان سۆزلىمەسلىك

**پەزىلىتى:** جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆي

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن چاقچاق قىلغاندىمۇ يالغان سۆزلىمىگەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆيگە كېپىل» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (4800) رىۋايەت قىلغان، نەۋەۋى ۋە ئىبنۇل قەييىم سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 195

26- ھەر كۈنى پەرز نامازدىن باشقا ئون ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە بىر ئۆي

**دەلىلى:** ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە ھەر كۈنى پەرز نامازدىن باشقا ئون ئىككى رەكئەت

ناماز ئوقۇسا ، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي سالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم (728) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 196

### 27- ئاللاھ ئۈچۈن مەسجىد سېلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە بىر ئۆي

**دەلىلى:** • ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن مەسجىد سالسا ، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆي سالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي سالىدۇ» دەپ كەلگەن. [بۇخارى (450) ۋە مۇسلىم (533) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى مۇسلىمنىڭ).]

• جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بۆدۈنىنىڭ ئۇۋىسىدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك مەسجىد سالسا ، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر ئۆي سالىدۇ» دېگەن. [ئىبنى ماجە (738) ۋە ئىبنى خۇزەيمە (1292) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن. ]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 197

### 28- ھەق بولغان تەقدىردىمۇ جېدەللەشمەسلىك

**پەزىلىتى:** جەننەتنىڭ ئەتراپىدا بىر ئۆي

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ھەق بولغان

تەقدىردىمۇ جىدەللەشمىگەن كىشىگە جەننەتنىڭ ئەتراپىدا بىر ئۆيگە كېپىل» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (4800) رىۋايەت قىلغان، نەۋەۋى ۋە ئىبنۇل قەييىم سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 198

29- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** جەننەتتە جۈپلەر، جەننەتكە كىرىش، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىللار ئورنىدا بولۇش، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى ۋە جەننىتى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىش، نىجاتلىق ۋە ياخشى ئاقىۋەت، ئاللاھنىڭ ئەجىر بېرىشى.

**دەلىلى:** •﴿لِلَّذِينَ ٱتَّقَوۡاْ عِندَ رَبِّهِمۡ جَنَّـٰتٞ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَأَزۡوَٰجٞ مُّطَهَّرَةٞ﴾ ﴿تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى هۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار﴾ [ئال ئىمران: 15]

• ﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٖ ٥١ فِي جَنَّـٰتٖ وَعُيُونٖ ٥٢ يَلۡبَسُونَ مِن سُندُسٖ وَإِسۡتَبۡرَقٖ مُّتَقَٰبِلِينَ ٥٣ كَذَٰلِكَ وَزَوَّجۡنَٰهُم بِحُورٍ عِينٖ﴾ ﴿تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار قىلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر . بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ .(ئۇلارنى تۇرلۇك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز.﴾ [دۇخان: 51-54]

• ﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ مَفَازًا ﴿٣١﴾ حَدَآئِقَ وَأَعْنَٰبًا ﴿٣٢﴾ وَكَوَاعِبَ أَتْرَابًا ﴿٣٣﴾ وَكَأْسًا دِهَاقًا ﴿٣٤﴾ لَّا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا كِذَّٰبًا ﴿٣٥﴾ جَزَآءً مِّن رَّبِّكَ عَطَآءً حِسَابًا﴾
﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار نېمەتكە ئېرىشىدۇ. (ئۇ نېمەت) باغلار، ئۈزۈملەردۇر. تەڭتۇش قىزلاردۇر. (شاراب بىلەن) تولدۇرۇلغان جاملاردۇر. ئۇلار جەننەتتە يالغان سۆز، بىھۇدە سۆز ئاڭلىمايدۇ. (ئەنە شۇلار) پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن مۇكاپاتى، يېتەرلىك ئاتاسىدۇر.﴾ [نەبە: 31-36]

• ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار﴾ [ئال ئىمران: 133]

• ﴿مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِي وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ أُكُلُهَا دَآئِمٌ وَظِلُّهَا تِلْكَ عُقْبَى ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّ عُقْبَى ٱلْكَٰفِرِينَ ٱلنَّارُ﴾ ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇ تەقۋادارلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايىدۇر؛ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋەت بارىدىغان جايى دوزاختۇر.﴾ [رەئد: 35]

• ﴿وَلَنِعْمَ دَارُ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿٣٠﴾ جَنَّٰتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا تَجْرِي مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ لَهُمْ فِيهَا مَا يَشَآءُونَ كَذَٰلِكَ يَجْزِي ٱللَّهُ ٱلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان دائىم تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى خالىغان نەرسىلەر تېپىلىدۇ، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئەنە شۇنداق مۇكاپاتلايدۇ.﴾ [نەھل: 30-31]

• ﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٍ وَعُيُونٍ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.﴾ [زارىيات:

• ﴿فَأَمَّا مَنْ أَعْطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥ وَصَدَّقَ بِٱلْحُسْنَىٰ ۝٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلْيُسْرَىٰ﴾ ﴿(پۇل . مېلنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان ، تەقۋادارلىق قىلغان ، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك ، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز.﴾ [لەيل: 5-7]

• ﴿وَأُزْلِفَتِ ٱلْجَنَّةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿جەننەت تەقۋادارلارغا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ﴾ [شۇئەرا: 90]

• ﴿إِنَّ لِلْمُتَّقِينَ عِندَ رَبِّهِمْ جَنَّـٰتِ ٱلنَّعِيمِ﴾ ﴿تەقۋادارلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتەن نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.﴾ [قەلەم: 34]

• ﴿مَّثَلُ ٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى وُعِدَ ٱلْمُتَّقُونَ ۖ فِيهَآ أَنْهَـٰرٌ مِّن مَّآءٍ غَيْرِ ءَاسِنٍ وَأَنْهَـٰرٌ مِّن لَّبَنٍ لَّمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُۥ وَأَنْهَـٰرٌ مِّنْ خَمْرٍ لَّذَّةٍ لِّلشَّـٰرِبِينَ وَأَنْهَـٰرٌ مِّنْ عَسَلٍ مُّصَفًّى ۖ وَلَهُمْ فِيهَا مِن كُلِّ ٱلثَّمَرَٰتِ﴾ ﴿تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى ، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار ، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار ، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ ، ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ.﴾ [مۇھەممەد: 15]

• ﴿وَسِيقَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَوْا۟ رَبَّهُمْ إِلَى ٱلْجَنَّةِ زُمَرًا ۖ حَتَّىٰٓ إِذَا جَآءُوهَا وَفُتِحَتْ أَبْوَٰبُهَا وَقَالَ لَهُمْ خَزَنَتُهَا سَلَـٰمٌ عَلَيْكُمْ طِبْتُمْ فَٱدْخُلُوهَا خَـٰلِدِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ . توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ ، ھالبۇكى ، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن ، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار ، جەننەتكە كىرىڭلار ، (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار» دەيدۇ.﴾ [زۇمەر: 73]

• ﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي ظِلَٰلٖ وَعُيُونٖ ۝٤١ وَفَوَٰكِهَ مِمَّا يَشۡتَهُونَ ۝٤٢ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ هَنِيٓـَٔۢا بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ۝٤٣ إِنَّا كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡمُحۡسِنِينَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار سايىلەردىن، بۇلاقلاردىن ۋە كۆڭلى تارتقان مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. (ئۇلارغا) «دۇنيادا قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن خۇشال. خۇرام يەڭلار ۋە ئىچىڭلار» (دېيىلىدۇ) .شۈبھىسىزكى، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ﴾ [مۇرسەلات: 41-44]

• ﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّـٰتٖ وَنَهَرٖ ۝٥٤ فِي مَقۡعَدِ صِدۡقٍ عِندَ مَلِيكٖ مُّقۡتَدِرِۭ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۇ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ .(ئۇلار) قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ. ﴾ [قەمەر: 54-55]

• ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ۝٦٣ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ لَا تَبۡدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ﴾ ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ-نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ). ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر. ﴾ [يۇنۇس: 63-64]

•﴿فَإِنَّمَا يَسَّرۡنَٰهُ بِلِسَانِكَ لِتُبَشِّرَ بِهِ ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ ﴿تەقۋادارلارغا خۇشخەۋەر بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىز قۇرئاننى سېنىڭ تىلىڭ بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ نازىل قىلدۇق. ﴾ [مەريەم: 97]

• ﴿وَٱلۡعَٰقِبَةُ لِلۡمُتَّقِينَ﴾ ﴿ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ ﴾ [ئەئراف: 128]، [قەسەس: 83]

• ﴿فَٱصۡبِرۡۖ إِنَّ ٱلۡعَٰقِبَةَ لِلۡمُتَّقِينَ﴾ ﴿سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر ﴾ [ھۇد: 49]

• ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرۡ عَنۡهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعۡظِمۡ لَهُۥٓ أَجۡرًا﴾ ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاپ بېرىدۇ﴾ [تالاق: 5]

• ﴿وَإِن تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ فَلَكُمۡ أَجۡرٌ عَظِيمٞ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر﴾ [ئال ئىمران: 179]

• ﴿وَإِن تُؤۡمِنُواْ وَتَتَّقُواْ يُؤۡتِكُمۡ أُجُورَكُمۡ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە تەقۋادارلىق قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئەجرىڭلارنى بېرىدۇ﴾ [مۇھەممەد: 36]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان ئەمەل ھەققىدە سورالغاندا: «تەقۋادارلىق» دەپ جاۋاب بەرگەن. [تىرمىزى (2004) رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 199 - 202

30-33- " سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ " ئېيتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە دەرەخ ۋە سەدىقىنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «'سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ' (ئاللاھ پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر) دېگىن، ھەر بىرى ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ دەرەخ تىكىلىدۇ» دېگەن. [ئىبنى ماجە (3920) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر بىر تەسبىھ سەدىقە ، ھەر بىر تەكبىر سەدىقە ، ھەر بىر ھەمد سەدىقە ۋە ھەر بىر تەھلىل سەدىقە بولىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (1006) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ھەر بىر بوغىمىڭلارغا سەدىقە كېرەك. ھەر بىر تەسبىھ سەدىقە ، ھەر بىر ھەمد سەدىقە ، ھەر بىر تەھلىل سەدىقە ، ھەر بىر تەكبىر سەدىقە» دېگەن. [مۇسلىم (1648) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 203

34- "سبحان الله العظيم و بحمده" دېيىش

**پەزىلىتى:** جەننەتتە بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىش

**دەلىلى:** جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ' سبحان الله العظيم و بحمده' (ئۇلۇغ ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن ) دېسە ، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر تۈپ خورما دەرىخى تىكىلىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3808) ۋە نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (10594) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 204

35- قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقنى يۇتۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ خالىغان ھۆرنى تاللىۋېلىشقا ئىختىيار بېرىش ۋە قىيامەت كۈنى قەلبى ئۈمىدكە تولدۇرۇلۇش

**دەلىلى:** • ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ۝١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل . مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار...﴾ [ئال ئىمران: 133-134]

• مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنى پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ خالىغان ھۆرنى تاللىۋېلىشقا ئىختىيارلىق بېرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (15877)، تىرمىزى (2021)، ئەبۇ داۋۇد (4777) ۋە ئىبنى ماجە (4186) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى چىقىرىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى يۇتسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئۈمىدكە تولدۇرىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (13646) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 205

36- ئاجىزلىق ۋە كەمتەرلىك، قادىر تۇرۇقلۇق ئاللاھ ئۈچۈن كىيىم-كېچەكنى تەرك ئېتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش، قىيامەت كۈنى ئاللاھ پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ خالىغان ئىمان كىيىملىرىدىن كىيىشكە تاللاش ھوقۇقى بېرىش

**دەلىلى:** • ھارىسە ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ (ئۇلار) ھەر بىر ئاجىز ، كەمتەر كىشى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [بۇخارى (6657) ۋە مۇسلىم (2853) رىۋايەت قىلغان.]

• سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قادىر تۇرۇقلۇق ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەرلىك بىلەن (قىممەتلىك،ئېسىل) كىيىملەرنى تەرك ئەتسە ، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ خالىغان ئىمان كىيىملىرىدىن كىيىش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (15798) ۋە تىرمىزى (2685) رىۋايەت قىلغان ، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 206

37- قىيىنچىلىقتا قالغانغا مۆھلەت بېرىش ۋە قەرزنى تاپشۇرۇۋالغاندا ئاز بىر قىسمىنى كەچۈرۈش ياكى ھەممىسىدىن كېچىۋېتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش ۋە قىيامەت كۈنى سايە بېرىلىش

**دەلىلى:** • ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى ۋاپات بولۇپ جەننەتكە كىردى. ئۇنىڭدىن: 'نېمە ئەمەل قىلاتتىڭ؟' دەپ سورالدى. ئۇ: 'مەن كىشىلەر بىلەن سودا قىلاتتىم ، قىيىنچىلىقتا قالغانغا مۆھلەت بېرەتتىم ، ھېسابلاشقاندا كەڭچىلىك قىلاتتىم' دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەغپىرەت قىلىندى» دېگەن. [بۇخارى (2391) ۋە مۇسلىم (1560) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى مۇسلىمنىڭ).]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغانغا مۆھلەت بەرسە ياكى قەرزدىن كېچىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى ئەرشىنىڭ سايىسى ئاستىدا سايىدىتىدۇ، ئۇ كۈندە ئۇنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوقتۇر» دېگەن. [ئەھمەد (8832) ۋە تىرمىزى (1306) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

✓

○

## غەنىمەت 207

38- روزا تۇتۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش ۋە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتلىشى

**دەلىلى:** • ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: 'ماڭا جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى بۇيرۇسىلا' دېدىم. ئۇ: 'روزا تۇتقىن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەل يوق' دېدى» دېگەن. [ئەھمەد (22579) ۋە ئىبنى ھىببان (3425) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى ئىبنى ھىببانىڭ)، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ: 'ئادەم بالىسىنىڭ ھەر بىر ئەمەلى ئۆزى ئۈچۈن، پەقەت روزا مەن ئۈچۈندۇر، مەن ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىمەن' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (1904) ۋە مۇسلىم (1151) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

✓

○

## غەنىمەت 207

39- كىشىلەرنى ئەيىپ قىلىش، يامانلىق قىلغۇچىنى كەچۈرۈش ۋە تۈزىتىش

پەزىلىتى: جەننەتكە كىرىش ۋە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتلىشى

دەلىلى: • ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر.﴾ [ئال ئىمران: 133-134]

• ﴿فَمَنۡ عَفَا وَأَصۡلَحَ فَأَجۡرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِۚ﴾ ﴿كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ بېرىدۇ﴾ [شۇرا: 40]

غەنىمەت

ياداسى

## غەنىمەت 209

40- باياشاتچىلىقتا ۋە قىسىنچىلىقتا تىلىگۈچى مەھرۇملارغا تەپىقە قىلىش، بېخىللىق قىلماسلىق

پەزىلىتى: جەننەتكە كىرىش، نىجاتلىق ۋە ياخشى ئاقىۋەت

دەلىلى: • ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ١٣٣ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار،﴾ [ئال ئىمران: 133-134]

• ﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ ۝٥ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ ۝٦ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ﴾
﴿(پۇل . مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان ، تەقۋادارلىق قىلغان ، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك ، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز.﴾ [لەيل: 5-7]

• ﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٍ ۝١٥ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡۚ إِنَّهُمۡ كَانُواْ قَبۡلَ ذَٰلِكَ مُحۡسِنِينَ ۝١٦ كَانُواْ قَلِيلٗا مِّنَ ٱلَّيۡلِ مَا يَهۡجَعُونَ ۝١٧ وَبِٱلۡأَسۡحَارِ هُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ ۝١٨ وَفِيٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ حَقّٞ لِّلسَّآئِلِ وَٱلۡمَحۡرُومِ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى ، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ . ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى .ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى .ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى .ئۇلارنىڭ پۇل .ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى).﴾ [زارىيات: 15-19]

• ﴿وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ﴾ ﴿كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن ، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر.﴾ [تەغابۇن: 16]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 210

41- كېچىدە كىشلەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇش ، كېچىدە ئاز ئۇخلاش ۋە مىڭ ئايەت بىلەن كېچە نامىزى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش ۋە "مۇقەننتەر" (كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلغۇچى) لەردىن بولۇش

**دەلىلى:** • ﴿إِنَّ ٱلْمُتَّقِينَ فِي جَنَّـٰتٍ وَعُيُونٍ ۝١٥ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمْ رَبُّهُمْ ۚ إِنَّهُمْ كَانُوا۟ قَبْلَ ذَٰلِكَ مُحْسِنِينَ ۝١٦ كَانُوا۟ قَلِيلًا مِّنَ ٱلَّيْلِ مَا يَهْجَعُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى﴾ [زارىيات: 15-16]

• ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: « كېچىسى كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇڭلار، ئامان-ئېسەن جەننەتكە كىرىسىلەر» دېگەن. [ئەھمەد (24307)، تىرمىزى (2485)، ئىبنى ماجە (1334) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى ئىبنى ماجەنىڭ)، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مىڭ ئايەت بىلەن كېچە نامىزى ئوقۇسا، "مۇقەنتەر" (كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلغۇچى) لەردىن دەپ يېزىلىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1398) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ياداسى

## غەنىمەت 211

42- مۇلك سۈرىسىنى ئوقۇش

پەزىلىتى: جەننەتكە كىرىش ۋە شاپائەت قىلىشى

دەلىلى: • ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ (مۇلك سۈرىسى) ئۆز ئىگىسىنى جەننەتكە كىرگۈزگىچە مۇنازىرىلىشىدۇ» دېگەن.

[تەبەرانى "مۇئجەمۇل ئەۋسەت"تە (3654) ۋە "سەغىر"دە (490) رىۋايەت قىلغان ، ھەيسەمى: راۋىيلىرى سەھىھنىڭ راۋىيلىرى دېگەن.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇرئاندا ئوتتۇز ئايەتلىك بىر سۈرە بار ، ئۇ ئۆز ئىگىسىگە مەغپىرەت قىلىنغىچە شاپائەت قىلىدۇ ، ئۇ ' مۇلك سۈرىسى ' دۇر» دېگەن. [ئىبنى ماجە (3786) ۋە نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (10478) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

✔

## غەنىمەت 212

43- "أشهد أن لا إله إلاّ الله وحده لا شريك له وأن محمداً عبده ورسوله..." دەپ گۇۋاھلىق بېرىش

**پەزىلىتى:** قىلغان ئەمەلىگە ئاساسەن جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ خالىغىنىدىن كىرىش

**دەلىلى:** ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى "أشهد أن لا إله إلاّ الله وحده لا شريك له وأن محمداً عبده ورسوله" 'يېگانە ، شېرىكى يوق ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ، ئىسا ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ، مەريەمگە يەتكۈزگەن سۆزى ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن بولغان روھ ، جەننەت ھەق ، دوزاخ ھەق ' دەپ گۇۋاھلىق بەرسە ، ئاللاھ ئۇنى قىلغان ئەمەلىگە ئاساسەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەن. بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: «جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ خالىغىنىدىن» دەپ قوشۇپ كەلگەن. [بۇخارى (3435) ۋە مۇسلىم (28) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئادادسى

## غەنىمەت 213

44- ھەج مەبرۇر (قوبۇل بولغان ھەج)

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: « قوبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر» دېگەن. [بۇخارى (1773) ۋە مۇسلىم (1349) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئادادسى

## غەنىمەت 214

45- ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ تُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ تَوْبَةً نَّصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَن يُكَفِّرَ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ﴾ ﴿ ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار. ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ. سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ﴾ [تەھرىم: 8]

غەنىمەت
ئادادسى

## غەنىمەت 215

45- ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

دەلىلى: ﴿إِن تَجْتَنِبُوا۟ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلًا كَرِيمًا﴾ ﴿ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾ [نسا: 31]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 216

47- ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن! بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن! بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن!» دېدى. «كىمنىڭ، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى؟» دەپ سورالغاندا: «ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى قېرىغان چاغدا ئۇلار بىلەن بىللە بولغان، ئاندىن جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ» دېدى. [مۇسلىم (2551) رىۋايەت قىلغان.]

• ئىياز ئىبنى مەرسەد ياكى مەرسەد ئىبنى ئىياز ئامىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەل توغرىسىدا سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرەرسى ھاياتمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورىدى. ئۇ: «ياق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۇ بەرگىن، ئۇلار يوق ۋاقتتا سۇنى يەتكۈزۈپ بەرگىن، بار ۋاقتىدا ئۇلارنى سۇ توشۇشتىن بىھاجەت قىلغىن» دېدى. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (1014) رىۋايەت قىلغان، ھەيسەمى: راۋىيلىرى سەھەھنىڭ راۋىيلىرى دېگەن.]

• ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاتا جەننەتنىڭ ئوتتۇرا دەرۋازىسىدۇر ، خالىساڭ بۇ دەرۋازىنى زايە قىلىۋەت ياكى ساقلاپ قال» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئەھمەد (28159)، تىرمىزى (1900) ۋە ئىبنى ماجە (3663) رىۋايەت قىلغان (لەۋزى تىرمىزىنىڭ)، تىرمىزى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 217

48- بالا-قازاغا سەۋر قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خالىساڭ سەۋر قىلغىن ، ساڭا جەننەت بار» دېگەن. [بۇخارى (5652) ۋە مۇسلىم (2576) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 218

49- روزا تۇتۇش ، جىنازىغا ئەگىشىش ، مىسكىنگە تاماق بېرىش ۋە كېسەل يوقلاشنى بىرلەشتۈرۈش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئىشلار كىمدە جەم بولسا ، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (1028) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 219

50- ئىلىم تەلەپ قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىدا ماڭسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2699) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 220

51- راستچىللىق

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «راستچىللىق ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە يېتەكلەيدۇ. كىشى راستچىل بولۇۋەرسە، ئاخىرى سىددىق (تولىمۇ راستچىل) بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6094) ۋە مۇسلىم (2606) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 221

52- سالامنى يېيىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:**• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىمان ئېيتمىغۇچە

جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە (ھەقىقىي) ئىمان ئېيتالمايسىلەر. مەن سىلەرگە قىلساڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى يېيىڭلار» دېگەن. [مۇسلىم (54) رىۋايەت قىلغان.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئىنسانلار! سالامنى يېيىڭلار، تاماق بېرىڭلار ۋە كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇڭلار، ئامان-ئېسەن جەننەتكە كىرىسىلەر» دېگەن. [ئەھمەد (24307) ۋە تىرمىزى (2485) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 222

## 53- مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئەزىيەت بېرىدىغان دەرەخنى كېسىشكە ئوخشاش ئەزىيەتلەرنى يوقىتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى يولدىكى دەرەخنىڭ ئۇزۇن شېخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ: 'ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنى مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بەرمىسۇن دەپ يوقىتىۋېتىمەن' دېدى ۋە ئۇ جەننەتكە كىرگۈزۈلدى» دېگەن. [مۇسلىم (1914) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن بىر كىشىنىڭ جەننەتتە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان بىر دەرەخنى يولنىڭ ئۈستىدىن كېسىۋەتكەن ئىدى» دېگەن. [مۇسلىم (1914) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 223

54- تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ، ئاندىن "أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ" دېيىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەردىن قايسىڭلار تاھارەتنى كامىل ئېلىپ ، ئاندىن"أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُ اللهِ وَرَسُولُهُ" 'ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ھەم ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن' دېسە ، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ ، خالىغان دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (234) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 224

55- ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسمىنى يادلاش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار ، كىمكى ئۇلارنى يادلىسا جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6410) ۋە مۇسلىم (2677) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 225

## 56- سۇ بېرىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئىياز ئىبنى مەرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمەل توغرىسىدا سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا-ئاناڭنىڭ بىرەرسى ھاياتمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورىدى. ئۇ: «ياق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۇ بەرگىن، ئۇلار يوق ۋاقىتتا سۇنى يەتكۈزۈپ بەرگىن، بار ۋاقىتىدا ئۇلارنى سۇ تونۇشتىن بىھاجەت قىلغىن» دېدى. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (1014) رىۋايەت قىلغان، ھەيسەمى: راۋىيلىرى سەھىھنىڭ راۋىيلىرى دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 226

## 57- تاماق بېرىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... تاماق بېرىڭلار، سالامنى يېيىڭلار، ئامان-ئېسەن جەننەتكە كىرىسىلەر» دېگەن. [ئەھمەد (6967) ۋە تىرمىزى (1855) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 227

## 58- گۇناھ قىلغاندىن كېيىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە گۇناھتا ئەزۋەيلىمەسلىك

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ﴿وَسَارِعُوٓاْ إِلَىٰ مَغۡفِرَةٖ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ﴿١٣٣﴾ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلۡكَٰظِمِينَ ٱلۡغَيۡظَ وَٱلۡعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٣٤﴾ وَٱلَّذِينَ إِذَا فَعَلُواْ فَٰحِشَةً أَوۡ ظَلَمُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ ذَكَرُواْ ٱللَّهَ فَٱسۡتَغۡفَرُواْ لِذُنُوبِهِمۡ وَمَن يَغۡفِرُ ٱلذُّنُوبَ إِلَّا ٱللَّهُ وَلَمۡ يُصِرُّواْ عَلَىٰ مَا فَعَلُواْ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. ئۇلار باياشاتچىلىقتا ۋە قىيىنچىلىقتا سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلار. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلار بىرەر قەبىھ ئىش قىلىپ قويسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىپ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھلارنى ئاللاھتىن باشقا كىم مەغپىرەت قىلىدۇ؟ ئۇلار قىلمىشلىرىدا بىلىپ تۇرۇپ چىڭ تۇرىۋالمايدۇ﴾ [ئال ئىمران: 133-135]

غەنىمەت
ئاداسى
✓
○

## غەنىمەت 228

59- چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ مۇئەززىنگە ئەگىشىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** • ئۆمەر ئىبنىل خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئەززىن 'ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر' دېسە، سىلەردىن بىرىڭلار 'ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر' دېسۇن. ئاندىن 'ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ' دېسە، 'ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ' دېسۇن. ئاندىن

'ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ' دېسە ، 'ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ' دېسۇن. ئاندىن 'ھەييە ئەلەس سالاھ' دېسە ، 'لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ' دېسۇن. ئاندىن 'ھەييە ئەلەل فەلاھ' دېسە ، 'لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ' دېسۇن. ئاندىن 'ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر' دېسە ، 'ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر' دېسۇن. ئاندىن 'لا ئىلاھە ئىللەللاھ' دېسە ، 'لا ئىلاھە ئىللەللاھ' دەپ چىن قەلبىدىن ئېيتسا ، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (385) رىۋايەت قىلغان.]

- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ تۇرۇپ مۇئەززىن ئېيتقاندەك ئېيتسا ، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. [ئىبنى ھىببان (1667) رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ دېگەن ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 229

### 60- پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇسا ، ئۇنى جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ قالىدۇ» دېگەن. [نەسائى "سۇنەن كۇبرا"دا (9848) رىۋايەت قىلغان ، ئىبنى ھىببان ، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 230

### 61- سەييىدۇل ئىستىغفار "اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ..." نى ئەتىگەن-كەچتە ئىشىنىپ تۇرۇپ ئېيتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىستىغفارنىڭ كاتتىسى مۇنداق دېيىشتۇر: اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ لَكَ بِذَنْبِي فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ 'ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ. مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ساڭا بەرگەن ۋەدەمدە ۋە ئەھدەمدە تۇرىمەن. قىلغان يامان ئىشلىرىمنىڭ شەررىدىن سېنىڭ پاناھىڭنى تىلەيمەن. ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. مېنى مەغپىرەت قىلغىن، چۈنكى گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ.' كىمكى كۈندۈزى بۇنىڭغا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئېيتسا، كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ. كىمكى كېچىسى بۇنىڭغا ئىشىنىپ تۇرۇپ ئېيتسا، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6306) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

✓

○

**غەنىمەت 231**

### 62- سەھەردە ئىستىغفار ئېيتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ﴿إِنَّ ٱلۡمُتَّقِينَ فِي جَنَّٰتٖ وَعُيُونٍ ١٥ ءَاخِذِينَ مَآ ءَاتَىٰهُمۡ رَبُّهُمۡۚ إِنَّهُمۡ
كَانُواْ قَبۡلَ ذَٰلِكَ مُحۡسِنِينَ ١٦ كَانُواْ قَلِيلٗا مِّنَ ٱلَّيۡلِ مَا يَهۡجَعُونَ ١٧
وَبِٱلۡأَسۡحَارِ هُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە ۋە (ئېقىپ تۇرغان) بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارى ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (يەنى دۇنيادىكى چاغدا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتتى. ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگاردىن) مەغپىرەت تىلەيتتى.﴾ [زارىيات: 15-18]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 232

63- ئۇسسىغان ھايۋانلارغا سۇ بېرىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى بىر قۇدۇققا يېقىنلىشىپ، قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. قۇدۇقنىڭ بېشىدا بىر ئىت ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇ ئىتقا رەھمى كېلىپ، ئۆتۈكىنىڭ بىرىنى سېلىپ، ئىتقا سۇ ئۇسۇپ بەردى. ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزدى» دېگەن. [ئىبنى ھىببان (543) رىۋايەت قىلغان ۋە سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 233

64- قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىشتا كەڭ قورساق بولۇش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت

قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشى قەرز بېرىش ۋە قەرز ئېلىشتىكى كەڭ قورساقلىقى سەۋەبىدىن جەننەتكە كىردى» دېگەن. [ئەھمەد (7082) رىۋايەت قىلغان ، ئەھمەد شاكىر سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 234

65- يېقىن كىشىسىنىڭ ۋاپاتىغا سەۋر قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا: 'مەن مۆمىن بەندەمنىڭ دۇنيادىكى يېقىن كىشىسىنى ئېلىپ كەتكەندە ، ئۇ سەۋر قىلسا ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن باشقا مۇكاپات بەرمەيمەن' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6424) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 235

66- ھايا قىلىش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھايا ئىماندىندۇر ، ئىمان جەننەتتىندۇر» دېگەن. [ئەھمەد (10661) ۋە تىرمىزى (2009) رىۋايەت قىلغان ، زەھەبى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 236

## 67- ئىخلاس سۈرىسىنى ياخشى كۆرۈش

**پەزىلىتى:** جەننەتكە كىرىش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: قۇبا مەسجىدىدە ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئىمام بولاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ناماز باشلىغاندا بىر سۈرە ئوقۇپ بولۇپ، چوقۇم ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ: «ئى پالانى! نېمە ئۈچۈن ھەر رەكئەتتە بۇ سۈرىنى ئوقۇيسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن بۇ سۈرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ سۈرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى. [تىرمىزى (2901) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

☑

◯

**غەنىمەت 237**

## 68- مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىگە تەسەللى بېرىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى ھۆرمەت تونلىرىدىن كىيدۈرۈلۈش

**دەلىلى:** مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق بىر مۆمىن مۇسىبەتكە ئۇچرىغان قېرىندىشىغا تەسەللى بەرسە، ئاللاھ سۇبھانەھۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت تونلىرىدىن كىيدۈرىدۇ» دېگەن. [ئىبنى ماجە (1601) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

☑

◯

**غەنىمەت 238**

### 69- ئاللاھتىن ئۈچ قېتىم جەننەت سوراش

**پەزىلىتى:** جەننەتنىڭ ئۇنىڭ كىرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھتىن ئۈچ قېتىم جەننەت سورىسا، جەننەت: 'ئى ئاللاھ! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن' دەيدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (13375)، تىرمىزى (2572)، نەسائى "سۈنەن كۇبرا"دا (7907) ۋە ئىبنى ماجە (4340) رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان (1014)، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 239 -244

### 70-75- ئادىل ھۆكۈمران، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش، قەلبى مەسجىدكە باغلانغان كىشى، مەنسەپ-ھۆسنى بار ئايال چاقىرغاندا "مەن ئاللاھتىن قورقىمەن" دېگەن كىشى، سەدىقىنى يوشۇرۇن قىلغان كىشى ۋە يالغۇز قالغاندا ئاللاھنى ئەسلەپ كۆز ياش قىلغان كىشى

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى سايە بېرىلىش

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەتتە تۈرلۈك كىشى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمايدىغان كۈندە ئاللاھنىڭ سايىسىدا بولىدۇ: ئادىل ھۆكۈمران، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش، قەلبى مەسجىدكە باغلانغان كىشى، ئاللاھ ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن، شۇ ئاساستا بىر يەرگە كەلگەن ۋە شۇ ئاساستا ئايرىلغان ئىككى كىشى، مەنسەپ-ھۆسنى بار ئايال ئۆزىگە چاقىرغاندا 'مەن ئاللاھتىن قورقىمەن' دېگەن كىشى، ئوڭ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلمىگىدەك دەرىجىدە يوشۇرۇن سەدىقە قىلغان كىشى ۋە يالغۇز قالغاندا ئاللاھنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلغان كىشى» دېگەن. [بۇخارى (660) ۋە مۇسلىم (1031) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 245

76- ئاللاھ يولىدىكى غازىنىڭ بېشىغا (ئىسسىقتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن) سايە قىلىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى سايە بېرىلىش

**دەلىلى:** ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى غازىنىڭ بېشىغا (ئىسسىقتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن) سايە قىلسا ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا سايە قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئەھمەد (128) ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ، ئەرنەئۇت سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 246

77- ئادىل بولۇش

**پەزىلىتى:** مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولۇش

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دۇنيادا ئادىل بولغانلار ، دۇنيادىكى ئادىللىقى سەۋەبىدىن قىيامەت كۈنى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (6560) رىۋايەت قىلغان ، ئەھمەد شاكىر سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 247

78- مۇسۇلمان قېرىندىشىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىش بىلەن ئۇچرىشىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى خۇشال قىلىنىش

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىش بىلەن ئۇچراشسا، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنى خۇشال قىلىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "مۇئجەمۇس سەغىر"دە (1178) رىۋايەت قىلغان، ھەيسەمى، دىمياتى ۋە مۇنزىرى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

غەنىمەت 248

79- (مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى) يېپىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى (ئەيىبى) يېپىلىش

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر بەندە يەنە بىر بەندىنىڭ (ئەيىبىنى) دۇنيادا ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ (ئەيىبىنى) ياپىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (2590) رىۋايەت قىلغان.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ (ئەيىبىنى) ياپسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ (ئەيىبىنى) ياپىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (2442) ۋە مۇسلىم (2580) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

غەنىمەت 249

80- قېرىندىشىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ھاجىتى پۈتكۈچە بىللە بېرىش

**پەزىلىتى:** قەدەملەر تېيىلىدىغان كۈندە قەدىمى مۇستەھكەم تۇرۇش، مەدىنە مەسجىدىدە بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىنمۇ ئەۋزەل

**دەلىلى:** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن بىللە بېرىش مەن ئۈچۈن بۇ مەسجىدتە (يەنى مەدىنە مەسجىدىدە) بىر ئاي ئېتىكاپ قىلغاندىنمۇ ياخشىراقتۇر. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاجىتى پۈتكۈچە بىللە بارسا، ئاللاھ قەدەملەر تېيىلىدىغان كۈندە ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (13646) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

**غەنىمەت 250**

81- ئۇخلاشتىن بۇرۇن " اللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ..." دېيىش

**پەزىلىتى:** فىترەت (ئىسلام) ئۈستىدە ۋاپات بولۇش

**دەلىلى:** بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىغا ياتماقچى بولغاندا ئوڭ يېنىدا يېتىپ: «" اللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ، وَوَجَّهْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ، وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ، وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ، رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ، لاَ مَلْجَأَ وَلاَ مَنْجَا مِنْكَ إِلَّا إِلَيْكَ، آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ، وَبِنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ" ئى ئاللاھ! جېنىمنى سىلىگە تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى سىلىگە يۈزلەندۈردۈم، ئىشىمنى سىلىگە ھاۋالە قىلدىم، ئۆزۈمنى سىلىگە تاياندۇردۇم. سىلىنىڭ رەھمەتلىرىنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ئازابلىرىدىن قورقۇپ شۇنداق قىلدىم. سىلىدىن پەقەت سىلى تەرەپكە يۈزلەنگەندىلا، پەقەت سىلىنىڭ

دەرگاھلىرىدىنلا پاناھ تاپقىلى بولىدۇ. سىلى نازىل قىلغان كىتابلىرىڭغا ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىمان كەلتۈردۈم» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بۇ دۇئالارنى ئوقۇپ شۇ كېچىسى ۋاپات بولسا ، فىترەت ئۈستىدە ۋاپات بولغان بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6315) ۋە مۇسلىم (2710) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 251

82- رامىزاندا ئۆمرە قىلىش

**پەزىلىتى:** پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە قىلغان ھەجنىڭ ياكى بىر ھەجنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** • ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرە بىر ھەجگە ياكى مەن بىلەن بىللە قىلغان ھەجگە باراۋەر» دېگەن. [بۇخارى (1863) ۋە مۇسلىم (1256) رىۋايەت قىلغان.]

• ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رامىزاندا قىلىنغان ئۆمرە بىر ھەجگە باراۋەر» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن بىلەن بىللە قىلغان ھەجگە باراۋەر» دېيىلگەن. [بۇخارى (1772) ۋە مۇسلىم (1256) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 252

83- بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ ، كۈن چىققۇچە ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ئولتۇرۇش ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

پەزىلىتى: ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ساۋابى

دەلىلى: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، ئاندىن كۈن چىققۇچە ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر ھەج ۋە بىر ئۆمرىنىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تولۇق، تولۇق، تولۇق» دېدى. [تىرمىزى (586) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 253

84- ياخشىلىقنى ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەتىگەندە مەسجىدكە بېرىش

**پەزىلىتى:** ھەجنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى پەقەت ياخشىلىقنى ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش ئۈچۈنلا ئەتىگەندە مەسجىدكە بارسا, ئۇنىڭغا تولۇق ھەج قىلغۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "مۇئجەمۇل كەبىر"دە (7473) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى: ھەسەن سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 254

85- زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنىدە ياخشى ئەمەل قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ يولىدىكى جىھادتىنمۇ ياخشى، پەقەت جېنى ۋە مېلى بىلەن چىقىپ ھېچنەرسىسى قايتمىغان كىشىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەلدىنمۇ ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەك (ئەمەل قىلىنىدىغان) كۈنلەر يوقتۇر، ھەتتا ئاللاھ يولىدىكى جىھادمۇ (ئۇنىڭدىن ياخشى ئەمەس)، پەقەت جېنى ۋە مېلى بىلەن چىقىپ ھېچنەرسىسى قايتمىغان كىشىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن. [ئەھمەد (1993) ۋە ئەبۇ داۋۇد (2438) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 255

### 86- تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن تىرىشىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ، ئىزچىل كېچە نامىزى ئوقۇغۇچىنىڭ ۋە ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن تىرىشقۇچى ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر» دېدى. مەن ئۇ يەنە: «ئىزچىل كېچە نامىزى ئوقۇغۇچى ۋە ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاشتۇر» دېدىمىكىن دەيمەن. [بۇخارى (6007) ۋە مۇسلىم (2982) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 256

### 87- ئاللاھ يولىدىكى غازىنى تولۇق جابدۇپ يولغا سېلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ساۋابى

**دەلىلى:** • زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ يولىدىكى غازىنى جابدۇسا، ئۆزى غازات قىلغان بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (2843) ۋە مۇسلىم (1895) رىۋايەت قىلغان.]

• ئۆمەر ئىبنىل خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئاللاھ يولىدىكى غازىنى تولۇق جابدۇپ يولغا سالسا، ئۇ غازى قايتىپ كەلگۈچە ياكى ۋاپات بولغۇچە ئۇنىڭغا غازىنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [ئەھمەد (128) ۋە ئىبنى ماجە (2758) رىۋايەت قىلغان، ئەرنەئۇت سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 257

88- ئاللاھ يولىدىكى غازىنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلىش

پەزىلىتى: ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ساۋابى

دەلىلى: زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «... كىمكى ئاللاھ يولىدىكى غازىنى جابدۇسا، ئۆزى غازات قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ يولىدىكى غازىنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلسا، ئۆزى غازات قىلغان بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (6007) ۋە مۇسلىم (2982) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 258

89- ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش

**پەزىلىتى:** ئۆزلۈكسىز روزا تۇتقاننىڭ ساۋابى ۋە ساۋابىنىڭ ئون ھەسسە بولۇشى

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كىرىپ: «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ساۋاب كۇپايە، چۈنكى ھەر بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇ يىل بويى روزا تۇتقانغا تەڭ» دېدى. [بۇخارى (6134) ۋە مۇسلىم (3418) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 259

90- رامىزاندىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدا 6 كۈن روزا تۇتۇش:

**پەزىلىتى:** يىل بويى روزا تۇتقانلىق ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ئەييۇب ئەل-ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن 6 كۈننى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا، خۇددى يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ». [مۇسلىم (1164) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 260

91- جۈمە كۈنى غۇسۇل قىلىش، بالدۇر بېرىش، پىيادە مېڭىش، ئىمامغا يېقىن تۇرۇش، خۇتبىگە قۇلاق سېلىش ۋە بىھۇدە سۆز قىلماسلىق

**پەزىلىتى:** بىر يىل روزا تۇتقان ۋە بىر يىل كېچىسى ناماز ئوقۇغانلىق ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەۋس ئىبنى ئەۋس سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

جۈمە ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى غۇسۇل قىلسا ، بالدۇر چىقىپ پىيادە ماڭسا ، ئۇلاغقا مىنمىسە ، ئىمامغا يېقىن تۇرۇپ خۇتبىگە قۇلاق سالسا ۋە بىھۇدە سۆز قىلمىسا ، ئۇنىڭغا بىر يىل روزا تۇتقان ۋە كېچىسى ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ». [ئەھمەد (16426)، نەسائى "كۇبرا"دا (1697)، ئەبۇ داۋۇد (345) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 261

92- روزىدارغا ئىپتار بەرگەننىڭ پەزىلىتى

**پەزىلىتى:** روزا تۇتقاننىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر روزىدارغا ئىپتارلىق بەرسە ، ئۇنىڭغا روزىدارنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بېرىلىدۇ ، ھەمدە روزىدارنىڭ ساۋابىدىنمۇ ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ». [تىرمىزى (807) رىۋايەت قىلغان ، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 262

93- 100 قېتىم تەسبىھ ئېيتىش

**پەزىلىتى:** 100 مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى ۋە ملك ياخشىلىق.

دەلىلى: • ئۇممۇ ھانىئ بىنتى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت

قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا 100 قېتىم تەسبىھ ئېيتىڭ، بۇ سىزگە ئىسمائىل ئەۋلادىدىن 100 قۇلنى ئازاد قىلغانلىق ساۋابىغا تەڭ». [ئەھمەد (27553)، نەسائى "كۇبرا"دا (10613) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

• سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەر كۈنى مىڭ ياخشىلىق قىلىشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟» دېدى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى: «بىز قانداق قىلىپ مىڭ ياخشىلىق قىلالايمىز؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «100 قېتىم تەسبىھ ئېيتسا، ئۇنىڭغا مىڭ ياخشىلىق يېزىلىدۇ ياكى مىڭ گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ» دېدى. [مۇسلىم (2698) رىۋايەت قىلغان.]

**غەنىمەت ئاداسى**

## غەنىمەت 263

94- "لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير" نى 100 قېتىم ئېيتىش

**پەزىلىتى:** 10 قۇلنى ئازاد قىلغانلىق ساۋابى، ئاسمان-زېمىن ئارىلىقىنى تولدۇرىدۇ ۋە 100 ياخشىلىق.

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كۈندە 100 قېتىم 'لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير' (يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن پادىشاھلىق ۋە بارلىق

ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.) دېسە، ئۇنىڭغا 10 قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى ۋە 100 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. »
[بۇخارى (3293) ۋە مۇسلىم (2691) رىۋايەت قىلغان.]

• ئۇممۇ ھانىي بىنتى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "يۈز قېتىم تەھلىل ئېيتىڭ (لا إله إلا الله دەڭ)! - ئىبنى خەلەف: مەن ئۇنى مۇنداق دىدى دەپ ئويلايمەن - ئۇ ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىنى تولدۇرىدۇ ۋە شۇ كۈنى ھېچكىمنىڭ ئەمەلى سىز قىلغاننى قىلمىغۇچە (سىزنىڭكىدەك) كۆتۈرۈلمەيدۇ".[ئەھمەد (27553)، نەسائى "كۇبرا"دا (10613) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 264

95- "لا إله إلا الله وحده لا شريك له..." نى 10 قېتىم ئېيتىش

**پەزىلىتى:** تۆت مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەمر ئىبنى مەيمۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى 'لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير' (يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.)نى 10 قېتىم دېسە، ئىسمائىل ئەۋلادىدىن تۆت قۇلنى ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ». [بۇخارى (6404) ۋە مۇسلىم (2693) رىۋايەت قىلغان، لەۋزى مۇسلىمنىڭ.]

## غەنىمەت 265

96- بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** بىر قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى ، ھەر بىر قەدەمدە بىر ياخشىلىق.

**دەلىلى:** • ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بۇ بەيتنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلسا ، بىر قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ». [تىرمىزى (959) ، ئەھمەد (4548) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا ، بىر قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ». [ئىبنى ماجە (2956) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلسا ، ھەر بىر قەدەمنى قويۇپ يەنە بىرىنى كۆتۈرگەندە ئاللاھ ئۇنىڭ بىر گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ ، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يازىدۇ ۋە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ». [ئەھمەد (4548) ، ئىبنى ھىببان (3697) ۋە تىرمىزى (959) رىۋايەت قىلغان ، لەۋزى ئىبنى ھىببانىنىڭ ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى ✓ ○

## غەنىمەت 266-268

97-99 - سۈتلۈك مالدىن بېرىش ، پۇل-مال بېرىش ۋە يول كۆرسىتىش

**پەزىلىتى:** بىر قۇلنى ئازاد قىلغانلىقنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى سۈتلۈك مالدىن بەرسە ياكى پۇل-مال بەرسە ياكى يول كۆرسەتسە ، بىر قۇلنى ئازاد قىلغانلىقنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ». [ئەھمەد (18810)، تىرمىزى (1957) رىۋايەت قىلغان ، لەۋزى تىرمىزىنىڭ ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى ✓ ○

## غەنىمەت 269

100- ئاللاھقا يۈز قېتىم ھەمدە ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ يولىدا يۈز دانە ئېگەرلەنگەن ، يۈگەنلەنگەن ئاتنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئۇممۇ ھانىئ بىنتى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا يۈز قېتىم ھەمدە ئېيتىڭ ، بۇ ئاللاھ يولىدا يۈز دانە ئېگەرلەنگەن ، يۈگەنلەنگەن ئاتنىڭ ساۋابىغا تەڭ». [ئەھمەد (27553)، نەسائى "كۇبرا"دا (10613) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى ✓ ○

## غەنىمەت 270

101- " الحمد لله عدد ما خلق..." دېيىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەسبىھ ئېيتىش

**پەزىلىتى:** كېچە-كۈندۈز ئاللاھنى زىكىر قىلغاندىنمۇ ئەۋزەل.

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ لەۋلىرىمنى مىدىرلىتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ: «ئى ئەبۇ ئۇمامە ، نېمە دەۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئاللاھنى زىكىر قىلىۋاتىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا كېچە-كۈندۈز قىلغان زىكرىڭدىنمۇ ئەۋزەل بولغان بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سەن: "الحمد لله عدد ما خلق، والحمد لله ملء ما خلق، والحمد لله عدد ما في السماوات وما في الأرض، والحمد لله عدد ما أحصى كتابه، والحمد لله عدد كل شيئ، والحمد لله ملء كل شيء" 'ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سانىچە ھەمدە بولسۇن ، ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنى تولدۇرغۇچە ھەمدە بولسۇن ، ئاسمان-زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ سانىچە ھەمدە بولسۇن ، ئاللاھ كىتابىدا خاتىرلىگەن نەرسىلەرنىڭ سانىچە ھەمدە بولسۇن ، ئاللاھ كىتابىدا خاتىرلىگەن نەرسىلەرنى تولدۇرغۇچە ھەمدە بولسۇن ، ھەر نەرسىنىڭ سانىچە ھەمدە بولسۇن ، ھەر نەرسىنى تولدۇرغۇچە ھەمدە بولسۇن' دېگىن ، ئاندىن شۇنىڭغا ئوخشاش تەسبىھ ئېيتقىن. بۇنى سەندىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭغىمۇ ئۆگەتكىن» دېدى. [ئەھمەد (22573)، نەسائىي "كۇبرا"دا (9921)، تەبەرانى "كەبىر"دە (7956) رىۋايەت قىلغان ، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

102- "سبحان الله وبحمده عدد خلقه ورضا نفسه وزنة عرشه ومداد كلماته" نى ئۈچ قېتىم دېيىش

**پەزىلىتى:** ئۇرغۇن زىكرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇلاردىن ئېغىر كېلىش.

**دەلىلى:** جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ناماز ئوقۇيدىغان جايىدا ئىدى. چاشگاھ ۋاقتىدا قايتىپ كەلگەندە، ئۇ يەنىلا شۇ يەردە ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كەتكەندىن بېرى شۇ ھالەتتە ئولتۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ھەئە» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىزدىن كېيىن تۆت كەلىمىنى ئۈچ قېتىم ئېيتتىم. ئەگەر بۇ كەلىمىلەر سىز بۈگۈن ئېيتقان زىكىرلەر بىلەن تارتىلسا، چوقۇم بېسىپ كېتىدۇ. ئۇ كەلىمىلەر: 'ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سانىچە، ئۆزى رازى بولغۇچە، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىچە ۋە سۆزلىرىنىڭ مىقدارىچە ئاللاھنى پاك دەپ بىلىمەن ۋە ھەمدە ئېيتىمەن' دېگەن سۆزلەردۇر» دېدى. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2726).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 272

103- "لا حول ولا قوة إلا بالله" نى ئېيتىش

**پەزىلىتى:** جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنە.

**دەلىلى:** ئەبۇ مۇسا ئەل-ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ساڭا جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى.

مەن: «ھەئە» دېدىم. ئۇ: «'لا حول ولا قوة إلا بالله' (ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ كۈچ-قۇدرەت يوقتۇر) دېگىن، چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بىر خەزىنىدۇر» دېدى. [بۇخارى (6384) ۋە مۇسلىم (2704) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 273

104- ئارىلىقتا بىھۇدە سۆز قىلماستىن نامازدىن كېيىن ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرلىنىدىغان دەپتەرگە يېزىلىدۇ.

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئارىلىقتا بىھۇدە سۆز قىلماستىن نامازدىن كېيىن ناماز ئوقۇش ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرلىنىدىغان دەپتەرگە يېزىلىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (22735)، ئەبۇ داۋۇد (1288) رىۋايەت قىلغان، ئەرنائۇت سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 274

105- ئاللاھتىن سەممىي رەۋىشتە شېھىتلىكنى تىلەش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغاننىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** • سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھتىن سەممىي رەۋىشتە شېھىتلىكنى تىلىسە، گەرچە ئۆز كۆرپىسىدە ۋاپات بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى شېھىتلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (1909).]

• ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى سەممىي رەۋىشتە شېھىتلىكنى تىلىسە، گەرچە شېھىت بولمىسىمۇ، شېھىتلىكنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (1908).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 275

### 106- نەپلە ناماز ياكى چاشگاھ نامىزى ئۈچۈن مەخسۇس مېڭىش

**پەزىلىتى:** ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** • ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى نەپلە ناماز ئۈچۈن ماڭسا، بۇ كامىل بىر ئۆمرىگە تەڭدۇر» دېگەن. [ئەھمەد (22735)، ئەبۇ داۋۇد (558)، تەبەرانى "كەبىر"دە (7578) رىۋايەت قىلغان، لەۋزى تەبەرانىنىڭ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

• يەنە ئەبۇ ئۇمامىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «كىمكى پەقەت چاشگاھ نامىزى ئۈچۈنلا چىقسا، ئۇنىڭ ساۋابى ئۆمرە قىلغۇچىنىڭ ساۋابىغا تەڭدۇر». [ئەھمەد (22735)، ئەبۇ داۋۇد (558) رىۋايەت قىلغان، لەۋزى ئەبۇ داۋۇدنىڭ، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 276

### 107- قۇبا مەسجىدىدە ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى قۇبا مەسجىدىگە بېرىپ ئۇ يەردە ناماز ئوقۇسا، بىر ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن. [نەسائى "كۇبرا"دا (780) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 277

108- 100 قېتىم تەكبىر ئېيتىش

**پەزىلىتى:** قوبۇل بولغان، بېزەلگەن 100 تۆگىنىڭ ساۋابى.

دەلىلى: ئۇممۇ هانىئ بىنتى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھقا 100 قېتىم تەكبىر ئېيتقىن، بۇ ساڭا قوبۇل بولغان، بېزەلگەن 100 تۆگىنىڭ ساۋابىغا تەڭدۇر» دېگەن. [ئەھمەد (28036)، نەسائى "كۇبرا"دا (10613) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 278

109- ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ھىدايەتكە دەۋەت قىلىش

**پەزىلىتى:** سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى ۋە ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابىچىلىك ساۋاب.

**دەلىلى:** • ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقىدۇر» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (720).]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ھىدايەتكە دەۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بېرىلىدۇ، ئەگەشكەنلەرنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2674).]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 279

110- يامان ئىشلاردىن توسۇش

**پەزىلىتى:** سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يامان ئىشلاردىن توسۇش سەدىقىدۇر» دېگەن.

[مۇسلىم (720) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 280-281

111-112- ئۇلاغقا مىنىشتە ياردەملىشىش ۋە ئۇلاغقا يۈك ئارتىشتا ياردەملىشىش

**پەزىلىتى:** سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر بىر بوغۇم ئۈچۈن ھەر كۈنى سەدىقە قىلىش كېرەك. كىشىنىڭ ئۇلىغىغا مىنىشىگە ياردەملىشىش ياكى يۈكىنى ئارتىشقا ياردەملىشىش سەدىقىدۇر» دېگەن. [بۇخارى (2891) ۋە مۇسلىم (1009) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 282

113- چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** ھەر بىر بوغۇم ئۈچۈن سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنىڭ ھەر بىر بوغۇمى ئۈچۈن سەدىقە قىلىش كېرەك... چاشگاھ ۋاقتىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش بۇنىڭ ئورنىغا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم (720) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 283

114- قەرز بېرىش

**پەزىلىتى:** پېرىمنى سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەرز بېرىش پېرىمنى سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابىغا تەڭ» دېگەن. [ئەھمەد (3988) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 284-285

115-116- بامدات ۋە خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش

**پەزىلىتى:** كېچىدە ناماز ئوقۇغانلىقنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، كېچىنىڭ پېرىمنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ. كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، پۈتۈن كېچىنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك بولىدۇ». [مۇسلىم (656) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 286

117- مەسجىدى ھەرەمدە ناماز ئوقۇش

**پەزىلتى:** باشقا جايلاردا ئوقۇلغان يۈز مىڭ نامازدىنمۇ ئەۋزەل.

**دەلىلى:** ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر ناماز باشقا جايلاردا ئوقۇلغان يۈز مىڭ نامازدىن ئەۋزەلدۇر». [ئەھمەد (14920) ۋە ئىبنى ماجە (1406) رىۋايەت قىلغان ، سۈيۈتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 287

118- مەسجىدى نەبەۋىدە ناماز ئوقۇش

**پەزىلتى:** باشقا جايلاردا ئوقۇلغان مىڭ نامازدىنمۇ ئەۋزەل.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز ، مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا جايلاردا ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ياخشىدۇر» دېگەن. [بۇخارى (1190) ۋە مۇسلىم (1394) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 288

119- جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ياكى ئىمام بىلەن جامائەتتە ناماز ئوقۇش

**پەزىلتى:** يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 ياكى 20 نەچچە ھەسسە ، ياكى 25 ھەسسە ئارتۇق ساۋاب.

دەلىلى: • ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جامائەت نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن 27 دەرىجە ئەۋزەلدۇر» دېگەن. [بۇخارى (645) ۋە مۇسلىم (650) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىمام بىلەن ئوقۇغان ناماز يالغۇز ئوقۇغان 25 نامازدىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن. [بۇخارى (648) ۋە مۇسلىم (649) رىۋايەت قىلغان. لەۋزى مۇسلىمنىڭ]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى بازار ۋە ئۆيدە يالغۇز ئوقۇغان نامىزىدىن 20 نەچچە دەرىجە ئارتۇقتۇر» دېگەن. [بۇخارى (2119) ۋە مۇسلىم (649) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 289

### 120- كىشلەر كۆرمەيدىغان يەردە نەپلە ناماز ئوقۇش ۋە ئۆيدە ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** 25 ھەسسە ئارتۇق ساۋاب ۋە پەرز نامازنىڭ نەپلە نامازدىن ئەۋزەل بولغىنىدەك ئارتۇق ساۋاب.

**دەلىلى:** • سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىنىڭ كىشلەر كۆرمەيدىغان يەردە نەپلە ناماز ئوقۇشى كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە ئارتۇقتۇر» دېگەن. [ئەبۇ يەئلا "مەتالىب ئالىيە"دە (574) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• سۇھەيب ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىنىڭ كىشىلەر كۆرىدىغان يەردە ئوقۇغان نامازدىن ئەۋزەل بولۇشى، خۇددى پەرز نامازنىڭ نەپلە نامازدىن ئەۋزەل بولغىنىغا ئوخشاشتۇر» دېگەن. [تەبەرانى "كەبىر"دە (7322) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 290

### 121- قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇش (قۇرئان ئوقۇش)

**پەزىلىتى:** بىر ياخشىلىق، ۋە ھەر ياخشىلىق ئون ھەسسە قىلىنىدۇ، ھەمدە قۇرئاننىڭ شاپائىتى.

**دەلىلى:** • ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ھەر بىر ياخشىلىق ئون ھەسسە قىلىنىدۇ. مەن 'الم' نى بىر ھەرپ دېمەيمەن، بەلكى 'ئەلىف' بىر ھەرپ، 'لام' بىر ھەرپ، 'مىم' بىر ھەرپتۇر» دېگەن. [تىرمىزى (2910) رىۋايەت قىلغان، سۆيۈتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ئۇمامە ئەل-باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قۇرئان ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىگە شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ كېلىدۇ». [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (804).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 291

122- مۇئەززىنىنىڭ ئەزىنىگە ئەگىشىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ئون ھەسسە ساۋاب.

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇئەززىنىنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا، ئۇ دىگەندەك دەڭلار، ئاندىن ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار. چۈنكى كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ». [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (384).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 292

123- قۇربانلىق قىلىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى تارازىدا 70 ھەسسە قىلىنىدۇ.

**دەلىلى:** ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئى فاتىمە، تۇرۇڭ، قۇربانلىقىڭىزنى كۆرۈڭ. بىلىڭكى، ئۇنىڭ قېنىدىن تۇنجى تامچە تېمىشى بىلەن بارلىق گۇناھلىرىڭىز مەغپىرەت قىلىنىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ گۆشى ۋە قېنى 70 ھەسسە قىلىنىپ سىزنىڭ تارازىڭىزغا قويۇلىدۇ» دېگەن. شۇندا ئەبۇ سەئىد ئەل-خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ پەقەت مۇھەممەد ئائىلىسىگىلا خاسمۇ؟ ئۇلار بۇنداق ياخشىلىققا ھەقلىقتۇر،

ياكى مۇھەممەد ئائىلىسى ۋە پۈتۈن كىشىلەرگە ئومۇمىيمۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «بەلكى ئۇ مۇھەممەد ئائىلىسى ۋە پۈتۈن كىشىلەرگە ئومۇمىيدۇر» دېگەن. [بەيھەقى "كۇبرا"دا (19227) رىۋايەت قىلغان، سۆيۈتى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 293

124- "سبحان الله العظيم، سبحان الله وبحمده" نى ئېيتىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى تارازىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تىلغا يېنىك، تارازىدا ئېغىر، مېھرىبان ئاللاھقا سۆيۈملۈك بولغان ئىككى كەلىمە بار: 'سبحان الله العظيم، سبحان الله وبحمده' (ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىدىن پاكتۇر، ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن)» دېگەن. [بۇخارى (6406) ۋە مۇسلىم (2694) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت

ئاداسى

## غەنىمەت 294

125- سەۋر قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ ئۇنىڭ ئەجرىنى ھېسابسىز بېرىدۇ.

**دەلىلى:** ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّـٰبِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ». [زۇمەر: 10]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 295

126- مۆمىن ئەر-ئاياللار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش

**پەزىلىتى:** ھەر بىر مۆمىن ئەر-ئايال ئۈچۈن بىر ياخشىلىق.

**دەلىلى:** ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مۆمىن ئەر-ئاياللار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەر بىر مۆمىن ئەر-ئايال ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "مۇسنەد شامىيىن"دە (3/234) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 296-297

127-128- جىنازىغا قاتنىشىش (ئۆيىدىن چىقىشتىن باشلاپ، ناماز ئوقۇش ۋە دەپنە قىلىنغۇچە ھەمراھ بولۇش)، ياكى پەقەت نامىزىنى ئوقۇپ قايتىش

**پەزىلىتى:** نامىزىنى ئوقۇپ قايتسا بىر قىرات، ناماز ئوقۇپ دەپنىگىچە ھەمراھ بولسا ئىككى قىرات ساۋاب.

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى جىنازا نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر قىرات ساۋاب بار. كىمكى دەپنە قىلىنغۇچە ھەمراھ بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى قىرات ساۋاب بار» دېگەن. «ئىككى قىرات دېگەن نىمە؟» دەپ سورالغاندا، «ئىككى چوڭ تاغدەك» دەپ جاۋاب بەرگەن. [بۇخارى (1325) ۋە مۇسلىم (945) رىۋايەت قىلغان.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى جىنازا بىلەن ئۆيىدىن چىقىپ، نامىزىنى ئوقۇپ، دەپنە قىلىنغۇچە ھەمراھ بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى قىرات ساۋاب بار. ھەر بىر قىرات ئۇھۇد تېغىدەك. كىمكى نامىزىنى ئوقۇپ قايتىپ كەتسە، ئۇنىڭغا ئۇھۇد تېغىدەك ساۋاب بار». [بۇخارى (47) ۋە مۇسلىم (945) رىۋايەت قىلغان ، لەۋزى مۇسلىمنىڭ.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 298

129- گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** ئاخىرەتتە ساقلانغان ساۋاب.

**دەلىلى:** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان دۇئانى قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا دۇئاسى دەرھال ئىجابەت قىلىنىدۇ، يا ئاخىرەت ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدۇ، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يامانلىق ئۇنىڭدىن قايتۇرۇلىدۇ». ساھابىلەر: «ئۇنداقتا بىز كۆپ دۇئا قىلايلى» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (11302) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 299

## 130- ياخشى ئىشنى يولغا قويۇش

**پەزىلىتى:** ئۆزىنىڭ ساۋابى ۋە شۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (1017).]

غەنىمەت ئاداسى

**غەنىمەت 300**

## 131- ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىش

**پەزىلىتى:** شۇ ئەمەلنىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەبۇ كەبشە ئەل-ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر كىشىگە ئاللاھ مال-مۈلۈك ۋە ئىلىم بەرگەن، ئۇ ئۆز ئىلمى بويىچە مېلىنى توغرا يولدا سەرپ قىلىدۇ. يەنە بىر كىشىگە ئاللاھ ئىلىم بەرگەن، لېكىن مال-مۈلۈك بەرمىگەن. ئۇ: 'ئەگەر مېنىڭمۇ مۇنداق مال-مۈلكۈم بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭدەك قىلاتتىم' دەيدۇ». رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئىككىسى ساۋابتا باراۋەردۇر» دېگەن. [ئەھمەد (18309) ۋە ئىبنى ماجە (4228) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن]

غەنىمەت ئاداسى

**غەنىمەت 301**

132- ئەزان ئوقۇش ۋە نامازدا بىرىنچى سەپتە تۇرۇش

**پەزىلىتى:** چەك تاشلاشقا ئەرزىيدىغان ساۋاب.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «ئەگەر كىشىلەر ئەزان ۋە بىرىنچى سەپنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە ئىدى، (ئۇنىڭغا ئېرىشىشتە) چەك تاشلاشتىن باشقا يول تاپالمىسا، چەك تاشلىشاتتى» دېگەن. [بۇخارى (652) ۋە مۇسلىم (437) رىۋايەت قىلغان]

غەنىمەت ئاداسى

غەنىمەت 302- 303

133-134- پاتمىچۇقنى بىرىنچى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈش، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈش

**پەزىلىتى:** بىرىنچى ئۇرۇشتا 100 ياخشىلىق، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئۇرۇشتا ئۇنىڭدىن ئاز.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم : «كىمكى پاتمىچۇقنى بىرىنچى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا 100 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئىككىنچىسىدە ئۇنىڭدىن ئاز، ئۈچىنچىسىدە تېخىمۇ ئاز» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2240).]

غەنىمەت ئاداسى

غەنىمەت 304- 306

135-137- (السلام عليكم ورحمة الله وبركاته)، (السلام عليكم ورحمة الله)، (السلام عليكم) دېيىش

**پەزىلىتى:** 30 ياخشىلىق - 20 ياخشىلىق - 10 ياخشىلىق.

**دەلىلى:** ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالامغا جاۋاب قايتۇردى، ئۇ كىشى ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئون» دېدى. يەنە بىرى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇردى، ئۇ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يىگىرمە» دېدى. يەنە بىرى كېلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇردى، ئۇ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوتتۇز» دېدى. [ئەھمەد (20267)، ئەبۇ داۋۇد (5195)، تىرمىزى (2689) ۋە نەسائى "كۇبرا"دا (10097) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

✓

○

## غەنىمەت 307

### 138- ئاللاھ يولىدا رىبات قىلىپ (چېگرا ساقلاپ) ۋاپات بولۇش

**پەزىلىتى:** ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قىيامەتكىچە ئەمەلى كۆپەيتىلىپ تۇرىدۇ.

**دەلىلى:** • فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر ئۆلگۈچىنىڭ ئەمەلى توختايدۇ، پەقەت ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلاپ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەمەلى قىيامەتكىچە كۆپەيتىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (24584)، ئەبۇ داۋۇد (2500)، تىرمىزى (1621) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل ئەرەبى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەر ئەمەل ئىگىسى ئۆلگەندە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، پەقەت ئاللاھ يولىدا چېگرا ساقلىغۇچىنىڭ ئەمەلى كۆپەيتىلىپ تۇرىدۇ ۋە قىيامەتكىچە رىزقى داۋاملىشىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "كەبىر"دە (641) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى چېگرا ساقلاش جەريانىدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەتكىچە كۆپەيتىلىپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تىرمىزى (1665) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەگەر ئۇ ۋاپات بولسا، قىلىپ كەلگەن ئەمەلى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (1913).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 308

139- مۇئەززىننىڭ ئەزىنىگە ئەگىشىپ بولغاندىن كېيىن 'اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ... دۇئاسىنى ئوقۇپ' پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ۋەسىلە» تىلەش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش.

**دەلىلى:** • جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى

ئەزاننى ئاڭلىغاندا:" اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ، وَالصَّلاَةِ القَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الوَسِيلَةَ وَالفَضِيلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ" 'ئى بۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ ۋە قايىم بولغان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى! مۇھەممەدكە ۋەسىلە ۋە پەزىلەت ئاتا قىلغىن ، ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان مەقامى مەھمۇدقا ئېرىشتۈرگىن' دېسە ، قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىم ئۇنىڭغا ھەق بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان (614).]

• ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇئەززىننى ئاڭلىغىنىڭلاردا ، ئۇ ئېيتقاندەك ئېيتىڭلار ، ئاندىن ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار. كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئېيتسا ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون قېتىم رەھمەت قىلىدۇ. ئاندىن ماڭا ۋەسىلە تىلەڭلار. ۋەسىلە جەننەتتىكى بىر مەرتىۋە بولۇپ ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىگىلا لايىق. مەن شۇ بەندە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. كىمكى ماڭا ۋەسىلە تىلىسە ، ئۇنىڭغا شاپائىتىم ھەق بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (384).]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 309

### 140- ئەتىگەن-ئاخشامدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون قېتىمدىن دۇرۇد ئېيتىش

**پەزىلىتى:** قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش.

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئەتىگەندە ئون

قىتىم ، ئاخشامدا ئون قىتىم ماڭا دۇرۇد ئېيتسا ، قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى ئىككى ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان ، ھەيسەمى "مەجمەئۇز-زەۋائىد" (10/120 ، نومۇر 17022)تە ئېيتقاندەك ، بىر ئىسنادى ياخشى ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك. سۇيۇتى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 310

141- بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** بۇ ئىككى سۈرىنىڭ شاپائەت قىلىشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ئۇمامە ئەل-باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قۇرئان ئوقۇڭلار ، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىگە شاپائەت قىلغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىككى نۇرلۇق (زەھراۋەين) بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنى ئوقۇڭلار. چۈنكى بۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى بۇلۇتتەك ياكى ئىككى سايىۋەندەك ياكى قانات يايغان ئىككى توپ قۇشتەك كېلىپ ، ئۆز ئەھلى ئۈچۈن مۇنازىرىلىشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (804).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 311

142- دادىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش

**پەزىلىتى:** ئەڭ چوڭ ياخشىلىق.

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەڭ چوڭ

ياخشىلىق بالىنىڭ دادىسىنىڭ دوستلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىدۇر» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2552).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 312

143- زەلزەلە سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** قۇرئاننىڭ يېرىمىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ: «زەلزەلە سۈرىسى قۇرئاننىڭ يېرىمىغا تەڭدۇر» دېگەن. [تىرمىزى (3152) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل قەييىم ۋە سۇيۇتى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 313

144- ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى قانداق ئوقۇيمىز؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىخلاس سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭدۇر» دېدى. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (811).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 314

## 145- كافىرۇن سۈرىسىنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇغاننىڭ ساۋابى.

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كافىرۇن سۈرىسى قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭدۇر» دېگەن. [تىرمىزى (3152) رىۋايەت قىلغان، سۈيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن]

غەنىمەت ئاداسى

غەنىمەت 315

## 146- ئەتىگەندە مەسچىتكە بېرىپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئايەتلەرنى ئوقۇش

**پەزىلىتى:** (ئوقۇغان ئايەتنىڭ) سانىچە تۆگىگە ئىگە بولغاندىنمۇ ياخشى.

**دەلىلى:** ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز سۇففەدە تۇرغاندا چىقىپ: «سىلەرنىڭ قايسىڭلار ھەر كۈنى بۇتھان ياكى ئەقىققا بېرىپ، گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان ھالدا ئىككى لوك تۆگە ئېلىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇنى ياخشى كۆرىمىز» دېدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسچىتكە بېرىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت ئۆگەنسە ياكى ئوقۇسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تۆگىدىن ياخشىدۇر. ئۈچ ئايەت ئۈچ تۆگىدىن، تۆت ئايەت تۆت تۆگىدىن ياخشىدۇر. شۇنداق قىلىپ، (قانچە ئايەت ئوقۇسا ئوقۇغان ئايەتنىڭ) سانىچە تۆگىگە ئىگە بولغاندىنمۇ (ياخشىدۇر).» دېدى. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (803).]

# تۆتىنجى پەسىل

# نەپسىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان غەنىمەتلەر

**31 غەنىمەت**

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 316

1- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ئۆلۈم ۋاقتىدا پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھتىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشى ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە قورقۇنچتىن مەنپەئەتلىنىش.

**دەلىلى:** • ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ۝٦٣ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ لَا تَبۡدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ﴾ ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن ، ئاخىرەتتە نازۇ-نېمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ). ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر.﴾ [يۇنۇس: 63-64]

•﴿وَٱتَّقُواْ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن تەقۋادار بولۇڭلار﴾ [ئەنئام: 155]

•﴿رَحۡمَتِي وَسِعَتۡ كُلَّ شَيۡءٖۚ فَسَأَكۡتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ﴾ ﴿مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر .مەن ئۇنى تەقۋادارلارغا تېگىشلىك قىلىمەن﴾ [ئەئراف: 156]

• ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَءَامِنُواْ بِرَسُولِهِۦ يُؤۡتِكُمۡ كِفۡلَيۡنِ مِن رَّحۡمَتِهِۦ وَيَجۡعَل لَّكُمۡ نُورٗا تَمۡشُونَ بِهِۦ﴾ ﴿ئى (ئىيساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار ، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ ، سىلەرگە سىلەر ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ﴾ [ھەدىد: 28]

•﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ﴾ ﴿ بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر.﴾ [بەقەرە: 2]

•﴿وَإِنَّهُۥ لَتَذۡكِرَةٞ لِّلۡمُتَّقِينَ﴾ ﴿ شەك . شۈبھىسىزكى، بۇ قۇرئان تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز .نەسىھەتتۇر .﴾ [ھاققە: 48]

غەنىمەت ئاداسى

**غەنىمەت 317-318**

### 2-3- ھەج ۋە ئۆمرىدە چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش

**پەزىلىتى:** چاچنى چۈشۈرگەنلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم رەھمەت تىلىگەن، قىسقارتقانلارغا بىر قېتىم رەھمەت تىلىگەن.

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئاللاھ! چاچنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىلغىن» دېدى. ساھابىلەر: «قىسقارتقانلارغىچۇ، ئى رەسۇلۇللاھ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ئى ئاللاھ! چاچنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت قىلغىن» دېدى. ئۇلار يەنە: «قىسقارتقانلارغىچۇ، ئى رەسۇلۇللاھ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىسقارتقانلارغىمۇ» دېدى. [بۇخارى (1727) ۋە مۇسلىم (1301) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

**غەنىمەت 319**

### 4- ئەسىردىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمەت تىلىشى.

**دەلىلى:** ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەسىردىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1271)، تىرمىزى (430) ۋە ئەھمەد (6088) رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان (2453)، سۇيۇتى ۋە ئىبنى باز سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 320

### 5- ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن جەم بولۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئاسمانغىچە قاناتلىرى بىلەن ئوراپ تۇرۇشى.

**دەلىلى:** • ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر قەۋم ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ئولتۇرسا، پەرىشتىلەر ئۇلارنى ئوراپ تۇرىدۇ ۋە رەھمەت ئۇلارنى قاپلايدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2700).]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ يولدا ئايلىنىپ يۈرۈپ زىكىر ئەھلىنى ئىزدەيدىغان پەرىشتىلىرى بار. ئۇلار ئاللاھنى زىكىر قىلىۋاتقان بىر قەۋمنى تاپسا: ' ئىزدىگىنىڭلارغا كېلىڭلار!' دەپ چاقىرىشىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى تۆۋەنكى ئاسمانغىچە قاناتلىرى بىلەن ئورايدۇ» دېدى ۋە: «پەرۋەردىگارى ئۇلاردىن ياخشى بىلىپ تۇرۇپ: 'بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟' دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: 'ئۇلار سېنى تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ، ھەمدە ئېيتىۋاتىدۇ ۋە ئۇلۇغلاۋاتىدۇ' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان (6408).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 321

6- كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش ۋە ئايالىنى ئويغىتىش (ھەتتا يۈزىگە سۇ چېچىپ بولسىمۇ)

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئايالىنى ئويغاتقان، ئەگەر ئايالى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ چاچقان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە ئېرىنى ئويغاتقان، ئەگەر ئېرى ئۇنىمىسا يۈزىگە سۇ چاچقان ئايالغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1308) ۋە نەسائى "كۇبرا"دا (1302) رىۋايەت قىلغان، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 322

7- سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە قەرز قايتۇرۇۋېلىشتا كەڭ قورساق بولۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

**دەلىلى:** جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ساتقاندا، سېتىۋالغاندا ۋە قەرز تەلەپ قىلغاندا كەڭ قورساق بولغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان (2076).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 323

### 8- گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ تېز ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھ ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش بولمىغان دۇئانى قىلغان ھەر قانداق مۇسۇلمانغا ئاللاھ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: يا دۇئاسى دەرھال ئىجابەت قىلىنىدۇ، يا ئاخىرەت ئۈچۈن ساقلاپ قويۇلىدۇ، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يامانلىق ئۇنىڭدىن قايتۇرۇلىدۇ» دېگەن. ساھابىلەر: «ئۇنداقتا بىز كۆپ دۇئا قىلايلى» دېيىشكەندە، «ئاللاھ تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (11302) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

غەنىمەت 324

### 9- قېرىندىشىغا غايىبانە دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ غايىبانە دۇئا قىلغۇچىغا دۇئا قىلىشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا غايىبانە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا بىر پەرىشتە بار بولۇپ، ئۇ قېرىندىشىغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلغان ھەر قېتىمدا، ئۇ پەرىشتە: 'ئامىن، ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بولسۇن' دەيدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2733).]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 325

10- كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا ئاللاھتىن سوراش

پەزىلىتى: دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

دەلىلى: • جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كېچىدە شۇنداق بىر ۋاقىت باركى، ئەگەر بىر مۇسۇلمان شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئاللاھتىن سورىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم بېرىدۇ. بۇ ھەر كېچىدە بولىدۇ». [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (757).]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رەببىمىز ھەر كېچە كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: 'كىم ماڭا دۇئا قىلسا، دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. كىم مەندىن سورىسا، ئۇنىڭغا بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلىسە، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (1145) ۋە مۇسلىم (758) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 326

11- چارشەنبە كۈنى پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فەتىھ مەسچىتىدە دۈشەنبە، سەيشەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى دۇئا قىلدى. چارشەنبە كۈنى ئىككى

نامازنىڭ ئارىلىقىدا دۇئاسى ئىجابەت بولدى، خۇشاللىق چىرايىدا كۆرۈندى. جابىر: «ماڭا قانداق مۇھىم ئىش چۈشسە، مەن شۇ ۋاقىتنى كۆزلەپ دۇئا قىلاتتىم ۋە ئىجابەت بولغانلىقىنى بايقايتتىم» دېگەن. [ئەھمەد (14787) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 327

12- زۇننۇننىڭ دۇئاسى "لا إله إلا أنت سبحانك إني كنت من الظالمين" بىلەن دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر مۇسۇلمان ھەر قانداق ئىشتا زۇننۇن (يۇنۇس ئەلەيھىسسالام) بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ: "لا إله إلا أنت سبحانك إني كنت من الظالمين" 'سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، سەن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم' دەپ قىلغان دۇئاسى بىلەن دۇئا قىلسا، ئاللاھ چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ» دېگەن. [نەسائى "كۇبرا"دا (10417)، تىرمىزى (3505) -لەۋزى تىرمىزىنىڭ- ۋە ئەھمەد (3505) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 328

13- جۈمە كۈنىدىكى مەلۇم بىر سائەتتە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنىنى تىلغا ئېلىپ:

«ئۇنىڭدا بىر سائەت باركى، مۇسۇلمان بەندە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ ئاللاھتىن بىر نەرسە سورىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چوقۇم بېرىدۇ» دەپ، قولى بىلەن ئۇ ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىنى ئىشارەت قىلغان. [بۇخارى (935) ۋە مۇسلىم (852) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 329

### 14- دۇئا قىلغاندا قوللارنى كۆتۈرۈش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئاللاھ ھەققەتەن ھايالىق ۋە كەرەملىكتۇر، بەندە ئۇنىڭغا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا، ئۇ قوللارنى قۇرۇق، نائۈمىد قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (3556) رىۋايەت قىلغان، سۇيۇتى ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 330

### 15- ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (521) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 331

16- مۇئەززىنگە ئەگىشىپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ ، مۇئەززىنلەر بىزدىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىكەن» دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلار ئېيتقاندەك ئېيتقىن ، تۈگەتكەندىن كېيىن سورىغىن ، ساڭا بېرىلىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (524) ۋە نەسائى "كۇبرا"دا (9789) رىۋايەت قىلغان ، ئىبنى ھىببان (1695) ۋە ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 332

17- كېچىدە ئويغانغاندا «لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك...» نى ئېيتىپ ، ئاندىن دۇئا قىلىش

پەزىلىتى: دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

دەلىلى: ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى كېچىدە ئويغىنىپ: ' لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ' (ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر ، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر ، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر ، ئاللاھ پاكتۇر ،

ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر، كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەن بولىدۇ) دېسە، ئاندىن 'اللهم اغفرلي' (ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن) دېسە ياكى دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىنىدۇ.» دېگەن. [بۇخارى رىۋايەت قىلغان (1154).]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 333

18- روزىدارنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا ۋە روزا تۇتۇۋاتقان ھالىتىدە قىلغان دۇئاسى

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** • ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنىل ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «روزىدارنىڭ ئىپتار ۋاقتىدىكى دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ» دېگەن. [ئىبنى ماجە (1753) رىۋايەت قىلغان، ئەھمەد شاكىر سەھىھ دېگەن.]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: روزىدار ئىپتار قىلغۇچە، ئادىل ئىمام ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى» دېگەن. [تىرمىزى (3598)، ئىبنى ماجە (1752) ۋە ئەھمەد (9874) رىۋايەت قىلغان، ئىبنۇل مۇلەققىن سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 334

19- ئاللاھنى زىكىر قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: ئاللاھنى زىكىر قىلغۇچى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ۋە ئادىل ئىمامنىڭ دۇئاسى» دېگەن. [بۇ لەۋز بىلەن بەززار "مۇسنەد"تە (15/271، نومۇر 8751) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 335

### 20- دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِي سَيَدۡخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ «رەببىڭلار ئېيتتىدۇ: ‹ ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ ›.» [غافىر: 60]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 336

### 21- رامىزاندا ھەركېچە- كۈندۈزدە دۇئا قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ ھەركېچە- كۈندۈزدە دوزاختىن ئازاد قىلىدىغانلىرى بار، ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەركېچە- كۈندۈزدە بىر ئىجابەت بولىدىغان دۇئا بار» دېگەن [يەنى رامىزاندا]. [تەبەرانى "ئەۋسەت"تە (6401) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 337

22- ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولۇش

**پەزىلىتى:** ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭ )مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (2588).]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 338

23- تىلنى ساقلاش

**پەزىلىتى:** ئەيىبلىرىنىڭ يېپىلىشى.

**دەلىلى:** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى غەزىپىنى تىزگىنلىسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئازابىنى تىزگىنلەيدۇ. كىمكى تىلىنى ساقلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ» دېگەن. [زىيائۇل مەقدىسى "مۇختارە"دا (2066) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن. ]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 339

24- سىلە-رەھىم قىلىش

**پەزىلىتى:** ئۆمۈرىنىڭ ئۇزىرىشى.

**دەلىلى:** • ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «...سىلە-رەھىم ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن. [تەبەرانى "كەبىر"دە (8014) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلە-رەھىم، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق دىيارلارنى گۈللەندۈرىدۇ ۋە ئۆمۈرلەرنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (25896) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

• ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرسە، سىلە-رەھىم قىلسۇن» دېگەن. [بۇخارى (5986) ۋە مۇسلىم (2557) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 340-341

25-26- گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق

**پەزىلىتى:** ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشى.

**دەلىلى:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلە-رەھىم، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق دىيارلارنى گۈللەندۈرىدۇ ۋە ئۆمۈرلەرنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (25896) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 342

27- سۈرمە تارتىش

**پەزىلىتى:** كۆزنى روشەن قىلىش.

**دەلىلى:** ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سۈرمىلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىسمىد سۈرمىسىدۇر. ئۇ كۆزنى روشەن قىلىدۇ ۋە كىرپىك ئۆستۈرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (2254)، نەسائى "كۇبرا"دا (9344)، ئەبۇ داۋۇد (3878) ۋە تىرمىزى (1757) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 343

28- ئالدىنقى سەپتە ناماز ئوقۇش

**پەزىلىتى:** پەرىشتىلەرنىڭ بەندىگە دۇئا قىلىشى.

**دەلىلى:** بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ» دېگەن. [نەسائى "كۇبرا"دا (1622) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 344

29- تاھارىتى سۇنمىغۇچە ناماز ئوقۇغان يېرىدە ئولتۇرۇش

**پەزىلىتى:** پەرىشتىلەرنىڭ بەندىگە دۇئا قىلىشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇغان يېرىدە تاھارىتى سۇنمىغۇچە ئولتۇرسا، پەرىشتىلەر: 'ئى ئاللاھ!

ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن' دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (445) ۋە مۇسلىم (649) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 345

### 30- كېسەل يوقلاش

**پەزىلىتى:** پەرىشتىلەرنىڭ بەندىگە دۇئا قىلىشى.

**دەلىلى:** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا، كەچكىچە 70 مىڭ پەرىشتە ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيدۇ. كەچتە يوقلىسا، ئەتىگەنگىچە 70 مىڭ پەرىشتە ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [تىرمىزى (969) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى.

## غەنىمەت 346

### 31- ئەزان ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ھەر بىر ھۆل-قۇرۇق نەرسىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى.

**دەلىلى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئەززىنگە ئاۋازى يەتكەن جايغىچە مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ھەر بىر ھۆل-قۇرۇق نەرسە ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېگەن. [نەسائى "كۇبرا"دا (1621) ۋە ئەبۇ داۋۇد (515) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

# بەشنجی پەسل
# دۇنيادىكى مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان
# غەنىمەتلەر

**10 غەنىمەت**

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 347

1- قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تىرىشىش

**پەزىلىتى:** ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ.

**دەلىلى:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش يولىدا بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش يولىدا بولىدۇ» دېگەن. [بۇخارى (2442) ۋە مۇسلىم (2580) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 348

2- سىلە-رەھىم قىلىش

**پەزىلىتى:** ساۋابى ئەڭ تېز بېرىلىدىغان ئىبادەت، مال-مۈلۈكنىڭ كۆپىيىشى، سانىنىڭ ئېشىشى ۋە رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى.

**دەلىلى:** • ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساۋابى ئەڭ تېز بېرىلىدىغان ئىبادەت سىلە-رەھىمدۇر. ھەتتا بىر ئائىلىدىكىلەر گۇناھكارلاردىن بولسىمۇ، ئەگەر ئۇلار سىلە-رەھىم قىلىشسا، ماللىرى كۆپىيىدۇ ۋە سانى ئاشىدۇ» دېگەن. [ئىبنى ھىببان (440) رىۋايەت قىلغان، ئەرنائۇت سەھىھ دېگەن.]

• ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرسە، سىلە-رەھىم قىلسۇن» دېگەن. [بۇخارى (2067) ۋە مۇسلىم (2557) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 349

3- ئىستىغفار ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئاللاھقا تەۋبە قىلىش

**پەزىلىتى:** دۇنيادا ياخشى بەھرىمەن بولۇش ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق كېلىشى.

**دەلىلى:** • ﴿وَأَنِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُمَتِّعۡكُم مَّتَٰعًا حَسَنًا إِلَىٰٓ أَجَلٖ مُّسَمّٗى﴾ «سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ.» [ ھۇد: 3 ]

• ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئىستىغفار ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەر قىيىنچىلىقتىن بىر چىقىش يولى، ھەر غەمدىن بىر قۇتۇلۇش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئويلىمىغان يەردىن رىزىقلاندۇرىدۇ» دېگەن. [ئەبۇ داۋۇد (1518)، نەسائى "كۇبرا"دا (10217) ۋە ئىبنى ماجە (3819) رىۋايەت قىلغان، ئابدۇلھەق ئەل-ئىشبىلى ۋە ئىبنى باز سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 350

4- تەقۋادارلىق

**پەزىلىتى:** ئاسمان-زېمىندىن بەرىكەتلەرنىڭ ئېچىلىشى، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق كېلىشى ۋە ئىشلارنىڭ ئاسانلىشىشى.

دەلىلى: • ﴿وَلَوۡ أَنَّ أَهۡلَ ٱلۡقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَفَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَرَكَٰتٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ﴾ (پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك

قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان . زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق.﴾ [ئەئراف: 96].

- ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مَخۡرَجٗا ۝٢ وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ.﴾ [تالاق: 2-3].
- ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مِنۡ أَمۡرِهِۦ يُسۡرٗا﴾ ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.﴾ [تالاق: 4].

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 351

### 5- ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش

**پەزىلىتى:** رىزىق.

**دەلىلى:** ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلساڭلار، قۇشلارغا رىزىق بېرىلگەندەك رىزىق بېرىلىسىلەر. ئۇلار ئەتىگەندە قورساقلىرى ئاچ ھالدا چىقىپ، كەچتە تويغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (2344)، ئىبنى ماجە (4164) ۋە ئەھمەد (210) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 352

### 6- سەرپ قىلىش (ئىنفاق)

**پەزىلىتى:** مالنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش.

**دەلىلى:** • ﴿قُلۡ إِنَّ رَبِّي يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦ وَيَقۡدِرُ لَهُۥۚ وَمَآ أَنفَقۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَهُوَ يُخۡلِفُهُۥۖ وَهُوَ خَيۡرُ ٱلرَّٰزِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، ھەققەتەن، پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، (ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.» [سەبەئ: 39]

• ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندىلەر ئەتىگەن تۇرغاندا، ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ، بىرى: 'ئى ئاللاھ! سەرپ قىلغۇچىغا ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن' دەيدۇ، يەنە بىرى: 'ئى ئاللاھ! بېخىللىق قىلغۇچىنىڭ مېلىنى ۋەيران قىلىۋەتكىن' دەيدۇ» دېگەن. [بۇخارى (1442) ۋە مۇسلىم (1010) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 353

7- ياشانغانلارنى يېشى سەۋەبلىك ھۆرمەتلەش

**پەزىلىتى:** ياشانغاندا ئۆزىنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنىڭ تەييارلىنىشى.

**دەلىلى:** ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ياش يېشى سەۋەبلىك بىر ياشانغاننى ھۆرمەتلىسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ياشانغان ۋاقتىدا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەرنى تەييارلايدۇ» دېگەن. [تىرمىزى (2022) رىۋايەت قىلغان، سۈيۈتى ھەسەن دېگەن.]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 354

8- مۇسىبەت يەتكەندە: «إِنَّا لِلهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، اللَّهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي، وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا» دېيىش

**پەزىلىتى:** ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنىڭ بېرىلىشى.

**دەلىلى:** ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، ئۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قانداق بىر بەندىگە مۇسىبەت يېتىپ: «إِنَّا لِلهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، اللَّهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيبَتِي، وَأَخْلِفْ لِي خَيْرًا مِنْهَا» (بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى ئاللاھ! ماڭا كەلگەن بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بەرگەيلا ، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى تولۇقلاپ بەرگەيلا) دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭ مۇسىبىتىگە ئەجىر بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان (918).]

غەنىمەت
ئاداسى.

## غەنىمەت 355

9- سودا-سېتىقتا راستچىل بولۇش ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى بايان قىلىش

**پەزىلىتى:** سودا-سېتىقتا بەرىكەت بولۇشى.

**دەلىلى:** ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئايرىلمىغۇچە ياكى ئايرىلغۇچە ئىختىيارلىقتۇر. ئەگەر ئۇلار راست سۆزلەپ مالنىڭ ئەيىبىنى بايان قىلسا ، سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ.

ئەگەر يوشۇرۇپ يالغان سۆزلىسە ، سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈرۈلىدۇ»
دېگەن. [بۇخارى (2079) ۋە مۇسلىم (1532) رىۋايەت قىلغان.]

غەنىمەت
ئاداسى

## غەنىمەت 356

10- ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندا 34 قېتىم تەكبىر ، 33 قېتىم تەسبىھ ، 33 قېتىم ھەمدە ئېيتىش

**پەزىلىتى:** ئۆي خىزمەتچىسى بولغىنىدىن ياخشى.

**دەلىلى:** ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر ئىككىڭلار ئورۇن-كۆرپەڭلارغا ياتقىنىڭلاردا 34 قېتىم تەكبىر ، 33 قېتىم تەسبىھ ، 33 قېتىم ھەمدە ئېيتىڭلار ، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئۆي خىزمەتچىڭلار بولغىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەن. [بۇخارى (3705) ۋە مۇسلىم (2727) رىۋايەت قىلغان.]

## ئالتىنچى پەسىل

## ئەتراپىڭدىكىلەردىن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان غەنىمەتلەر

4 غەنىمەت

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 357

1- يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش

**پەزىلىتى:** دۈشمەننىڭ دوستقا ئايلىنىشى.

**دەلىلى:** ﴿وَلَا تَسۡتَوِي ٱلۡحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُۚ ٱدۡفَعۡ بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِي بَيۡنَكَ وَبَيۡنَهُۥ عَدَٰوَةٞ كَأَنَّهُۥ وَلِيٌّ حَمِيمٞ﴾ ﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. ﴾[فۇسسىلەت: 34]

غەنىمەت ئاداسى

## غەنىمەت 358- 360

2-4 - سىلە-رەھىم قىلىش، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق

**پەزىلىتى:** دىيارلارنىڭ گۈللىنىشى.

**دەلىلى:** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلە-رەھىم، گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق دىيارلارنى گۈللەندۈرىدۇ» دېگەن. [ئەھمەد (25896) رىۋايەت قىلغان، ئالبانى سەھىھ دېگەن.]